ئەسىرلەر گۈلىستانى

# ئەقلىدىن جاھان ئاۋات بولۇر

(باھارىستان)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر

(باھارىستان)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

世界由智慧繁荣：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-779-5

I. 世… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－
维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024497 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　世界由智慧繁荣
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　玉努斯·伊里亚斯·伊德库特鲁克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-779-5
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى:
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-779-5
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر» دېگەن كىتابتا ئەل ئارا ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى — ھەزرىتى مەۋلانا نورۇدۇن ئابدۇراخمان جامى (1414 – 1492) نىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرى قىسمەن قىسقارتىپ تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

بۇ خۇش كۆڭۈل چېغىمىزدا قەدىرلىك ئوغۇل زىياۋۇددىن يۇسۇف... ئەرەب تىلى باشلانغۇچ قائىدىلىرىنى ۋە ئەرەب ئىلمىي قائىدىلىرىنى تولۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. مەلۇمكى، كىچىك بالىلار ۋە تەجرىبىسىز ياشلار قولىقىغا ناتونۇش ئاتالغۇلار ۋە تەبىئىتىگە يىراق نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندە، يۈرىكى چۆچۈيدۇ، كۆڭلىگە قورقۇنچ تۇزانلىرى قونىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇرۇۋۋەت، خاتىرىلىرىگە مەدەت بېرىش مەقسىتىدە بەزى ـ بەزىدە داڭلىق شەيخ ۋە بۈيۈك ئۇستاز مۇسلىھىددىن سەئدىي شىرازىينىڭ «گۈلىستان» ىدىن:

گۈلىستان ئەمەستۇر، جەننەتتىن نىشان،
خەشەك ـ تىكەنى ھەم ئەنبەرگەردۇر قان.
جەننەت دەربازەسى ئۇنداكى بابلار،
فەيز تولا قىسسەلەر چىن ھەۋزى كەۋسەر.

پەردەگە ئورالغان نۇكتەلەر پىنھان،
بۇلارغا رەشك ئېتەر ھۇر ئىلە غىلمان.
شېئىرلارى دەرەختدۇر ئېگىز، ھاسىلدار،
لۇتف شەبنەمىدىن ئارىفلار بار».

دەپ بىر نەچچە قۇر ئوقۇتار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئېسىمگە سەئدىينىڭ تەۋەررۇك سۆزلىرىدىن شەرەپلىنىپ ۋە گۈزەل شېئىرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ تۈر ۋە شۇ ئۇسلۇبتا بىر نەچچە ۋەرەق ئىجاد قىلىپ، ھازىرلانغان داستان، غايىبلارغا سوۋغا قىلىش پىكرى كەلدى ۋە بۇ مەنە ئەنجامى مۇشۇ تەرزدە ئاخىرىغا يەتتى...

سەير ئەيلە بۇ «باھارىستان»دا،
كۆرۈنەر ئۇندا گۈزەل گۈلىستانلار.

لاتافەتتىن ھەر گۈلىستاندا،
گۈللەر ياشناپ ئېسەر رەيھانلار.

بۇ «باھارىستان» سەككىز رەۋزە (باغ) دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جەننەت رەۋزىلىرىنىڭ ھەربىرىدە ئۆزگىچە گۈللەر جىلۋىسى ۋە ئۆزگىچە رەيھانلار ئەتىرى بار. بۇنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى كۈز شامىلىدىن خازان بولماس ۋە رەيھانلىرى قىش سوغۇقىدىن سولماس.

بىرەر مەقسەت تىكەنلىرىدىن خالىي ۋە بىرەر تۆھپە ـ تەلەپ خەشىكىدىن پاك بۇ باغنى سەير قىلغۇچىلارغا بىرلا ئىلتىماس شۇكى، بۇ باغنى سەير ئېتىپ تاماشا قىلغىنىڭىزدا، بۇ چىمەننى ئۆستۈرگۈچى جىگىرى قان، دىلى ۋەيران بولغۇچىغا دۇئادا ياد ئېتىپ، ماختاش بىلەن شاد ئەيلىگەيسىز...

بەختلىكلەر ئىچرە ھەركىم،
بۇ باغقا كىرسە گەر جىم،
يا يېسە يېمىشىدىن،
ھۇزۇرلانسا سايىسىدىن،

مىننەتدار بولسا ئۇنىڭدىن،
قىلسا ياخشىلىق قولىدىن،
ئەتسە ماڭا دۇئالار،
ماڭا پەقەت شۇ قالار.

بىرىنچى رەۋزە

# دانالار ھېكمىتى

ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ۋە بىلگەنلىرىدىن پەقەت لازىملىقىنى ئۆز ئىشلىرىغا رەھنەما قىلغان كىشى دانىشمەن دېيىلىدۇ.

ئۆتكۈنچى نەرسىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ئال،
مەڭگۈلۈك تەدبىر بىلەن بىرگە قال.
نېمىنى بىلەلىسەڭ بىلىشكە ئىنتىل،
سوڭرە بىلگەنلىرىڭ بىر - بىر ئىشقا سال.

## ھېكايەت

ئىسكەندەر رۇمىي[1] جاھانگىرلىك دەۋرىدە ھىيلە بىلەن بىر قەلئەنى ئىگىلىدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرگە بىرى:

— ئۇ يەردە بىر ھەكىم بار، ئۇ تولىمۇ بىلىملىك، ھەر قانداق مۇشكۇل ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان، — دېدى.

ئىسكەندەر ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. كۆردىكى، چىرايى سەت، كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك بىر كىشى ئىكەن. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ دېدى:

---

[1] ئىسكەندەر رۇمىي (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي؛ شەرق مەملىكەتلىرىدە «ئىسكەندەر مەقدۇنىي، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» نامى بىلەن داڭلىق) – مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 – 323 - يىللاردا ياشىغان. ئۇ شەرققە قوشۇن باشلاپ يېقىن شەرق، ئىران ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيانى بېسىۋالغان ۋە چوڭ ئىمپېرىيە تۈزگەن. ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كەتكەن.

— بۇ نېمىدېگەن سەت چىرايۇ سۆرۈن تەلەت؟!

ھەكىم بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، چىقىپ كەتتى ۋە قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ دېدى:

«تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈمگە قاراپ،
ئەي ئەقلىۇ ئىنسابتىن خەۋەرسىز كىشى.
تەن قىنىدۇر، ئەمما جان ـ قىنىدىكى قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسمەكلىك قىلىچنىڭ ئىشى».

ئۇ يەنە دېدى: «كىم خەلقى بىلەن ياخشى ئۆتمىسە، ئۇنىڭ تېرىسى ئۆزى ئۇچۇن زىنداندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېغىر ئاھ ـ ۋاھ باردۇر، زىندان ئۇنىڭغا قارىغاندا ئارامگاھدۇر.

ھەمىشە غەم ئۇرار دىلىن مىسلى پېچەك يېپىدەك،
ھەركىمكى، بارچە بىرلەن بەتخۇلق قىلسا زاھىر.
زىندان بېگىگە ئېيتىپ، زىندان قىلماق نەھاجەت؟
ئۆز تېرىسى ئۆزىگە زىندان ئەمەسمۇ، ئاخىر!»

ئۇ يەنە شۇنداق دېدى: «ھەسەت قىلماق ھەمىشە كۈلپەت كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆز پەرۋەردىگارىغا نىسبەتەن خۇسۇمەت قوزغىتىدۇ. باشقىلارغا نېمىلا بەرگەن بولسا، ئىچى ئېچىشىدۇ ۋە باشقا ماللىرىنى ساقلاش غېمى بىلەن بەند بولىدۇ.

ئۆزگىلەرگە ھەسەت قىلىش ئەقىلدىن ئەمەس،
ئەسلا كەتمىگەيسەن ئەقىل ـ ئىدراكتىن يىراق.
خەلقتىن تەمە كۈتمە، ھەسەت ـ ئەلەم يىراق.
تەمە قىلما، ئەلىمىڭ بولغاي بىساناق».

دانىشمەن يەنە شۇنداق ئېيتتى: «ھىممەتلىك كىشىلەر بايلىقتىن دوستلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇر. ئەقىلسىز خەسىسلەر ئۇنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ كېتۇر.

هەرنە كىرسە ھىممەتلىك مەرد قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىغىغا بارچەسىن.
ئۆزى ئۆلگەچ، دۈشمەنلىرى بۆلۈشەر،
خەسىس كىشى تېرىپ يىغقان نەرسەسىن.»

يەنە ئېيتتى: «كىچىكلەرگە ھەزىلۇ ئىستىھزا ئوقىنى ئاتماق — ئۇلۇغلۇق ئابرۇيىنى بىكارغا ساتماق ۋە زىللەتۇ خارلىق غۇبارىغا پاتماقتۇر.

ئەي پەسلىك لىباسىن كىيگەن ئادەمزات،
قورقمەنكى، نامىڭ بەسكەش بولغۇسى.
كىچىكلەر بىرلە سەن بولما ئەپسۇنكار،
كى ئۇلۇغلۇق نامىڭ مۇتلەق ئۆچكۈسى.»

يەنە دەيمىش: «كىمەرسىكى قول ئاستىدىكىلەرگە مۇشت ئاتسا، ئاخىرىدا ئۆزى مۇشت يېگەنلەر قاتارىدا بولۇر.

بىر ياخشى سۆزۈم بار، قۇلاق سال، ئەي دىل،
قالمىش دانالاردىن مىراس تولاراق.
كىم تارتسا ئاداۋەت قىلىچىن قىنىدىن،
ئاداۋەت تىغىدىن بولىدۇ ھالاك».

## ھېكايەت

فەرىدۇن[1] شەپقەت زېمىنىگە نەسىھەت ئۇرۇقىنى چاچتى، بالىسى ئۈچۈن قەغەزگە مۇنۇ سۆزلەرنى چەكتى: «ھايات ۋەرەقلىرى كىشى ئەمىلىنىڭ سەھىپىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئىشلار پۈتۈلىدۇ.»

---

[1] فەرىدۇن – فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى قەھرىمانلاردىن بىرى، جەمشىدنىڭ ئوغلى، ئادالەتلىك شاھ ئوبرازى.

زامان سەھىپىلىرى — ئىنسان ئۆمرى دەپتىرى،
شۇندايىن سۆزنى ئېيتمىش ئويغا پاتقان بىر دانا.
كىمكى بۇ پاك كىتابتا ياخشى ئىشلىرى بىلەن،
ياخشى نامىن قالدۇرسا، شۇنىڭ بەختىدۇر ئەلا.

## ھېكايەت

ھەكىملەردىن بىرى ئېيتۇلاركى:
«ھېكمەتتىن قىرىق دەپتەر يازدىم، ئەمما ئۇلاردىن نەپ كۆرمىدىم. ئۇلاردىن قىرىق كەلىمىنى ئىختىيار قىلدىم، ئەمما بۇلارنىڭمۇ پايدا ـ مەنپەئىتىنى بىلمىدىم. ئۇلاردىن تۆت سۆز تاللاپ ئالدىم ۋە ئىزدىگەن نەرسەمنى تېپىپ كۆڭلۈمگە سالدىم:
— ئاۋۋىلى شۇكى، ئاياللارغا ئەرلەرگە ئىشەنگەندەك بەك ئىشەنمەسلىك كېرەك... ئىككىنچىسى شۇكى، بايلىقتىن مەغرۇرلانما، بايلىقىڭ قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى زامان ئاخىر ياپمال قىلغۇسى.

بايلىقتىن كېرىلمەك — ئەقىلدىن ئەمەس،
چۈنكى ئۇ ئۆتكۈنچى بۇلۇتقا ئوخشاش.
ئۆتكۈنچى بۇلۇتتا بولسىمۇ جەۋھەر،
بەربىر ئۇ ئۆتكۈنچى، ئىشەنچ بولماس.

ئۈچىنچىسى بۇدۇركى، يوشۇرۇن سىرىڭنى ھېچبىر دوستۇڭغا ئېيتما، چۈنكى دوستلۇقتا دەز كېتىپ، دۈشمەنلىككە ئايلانغان ئىشلار ھاياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەي ئوغۇل، دۈشمەنلىرىڭدىن يوشۇرۇن بولسا سىرىڭ،
ياخشىسى دوستلار ئارا سۆزلىمە، قالسۇن نىھان[1].
پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ دۈشمەن كىشى دوست بولغىن،
دوستىنىڭ دۈشمەن بولغانىن ھەم كۆرگىنىم باركۆپ زامان.

[1] نىھان – يوشۇرۇن، پىنھان، مەخپىي.

تۆتىنچىسى شۇكى، پەقەت پايدىلىق ئىلىمنىلا ئالماق، پايدىسىز ئادەتلەردىن قاچماق ۋە پەقەت زۆرۈر نەرسىلەرگىلا قولاق سالماق لازىم.

ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگەن،
زۆرۈر بولمىغىنىن ئاختۇرۇپ يۈرمە.
زۆرۈرنى ھاسىل قىلغىنىڭدىن كېيىن،
ئاڭا ئەمەل قىلماي ئۆمۈر ئۆتكۈزمە.

## ھېكايەت

ئىبنى مۇقەففا[1] شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— ھىندى دانىشمەنلىرى يازغان كىتابلار يۈز تۆگىلىك يۈك بولدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بۇلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار كىتابلارنى ئىككى تۆگىلىك يۈككە كەلتۈرۈشتى. «يەنە ئازايتىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ. ئاخىر كىتابلار بارى - يوقى تۆت كەلىمىگە يىغىنچاقلاندى.

بىرىنچى كەلىمە خان - خاقانلارنى ئادالەتكە چاقىرار ئىدى.

ئەگەر خاقان ئىشى بولسا ئادالەت،
چوڭۇ-كىچىك ھاياتىدا پاراغەت.
دىلى ۋەيران يىغلار بولسا كۆكسى چاك،
دېمەك ئاڭا زۇلۇم قىلغان بىر ناپاك.
گەر زامانە ئاپەتلىرى بالادۇر،
پەقەت خاقان ئادالىتى داۋادۇر.

ئىككىنچى كەلىمە ياخشىلىق قىلماق ۋە خان پەرمانلىرىنى ئورۇندىماق توغرىسىدا ئاۋامغا قىلىنغان نەسىھەت ئىدى.

---

[1] ئىبنى مۇقەففا — ئەسلىي نامى رۇزبېھ دادا ئوغلى، «ئابدۇللا» دېگەن ئىسمىنى قوللانغان، باشقا تىللاردىن ئەرەبچىگە كۆپ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئەرەب پروزىچىلىقىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، جۈملىدىن ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىنى پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان: 724 - يىلىدا تۇغۇلۇپ، 769 - يىلىدا كۇپپارلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خان زۇلمى ئۇرۇقىدىن خەلق ئىچرە دائىم قوزغىلاڭ،
بۇغداي ئالمىش قاي كىشى شۇدىگەرگە چېچىپ ئارپا ـ دان؟!

ئۇچىنچى كەلىمە تەن ساقلىقنى ساقلىماق، قورساق ئاچماي تۇرۇپ تائامغا قول سوزماسلىق ۋە تويماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قول تارتماق توغرىسىدۇر.

كېسەل سەۋەبىدىن ساقلان ئاۋۋالا،
تېۋىپتىن تەگمىگەي قوپال سۆز ـ بالا.
ئارتۇق تويۇپ كەتمە، يېگىن قارا پراق،
يېمە تائام توق قارنىڭغا سەن ئەسلا.

تۆتىنچى كەلىمە ياتلارغا قارىماسلىق توغرىسىدا خوتۇنلارغا قىلىنغان ئۆگۈت ئىدى.

تەن مەھرەمىدىن[1] ئۆزگە بولسا ھەمكى ھۆسندار،
سادىق ئايال قارىماس بىگانىگە بىرەر بار[2].
ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ ھۆسندە ئۇ يېگانە،
ھايالىق ئايال ھەر چاغ بىگانىگە بىگانە.

## ھېكايەت

تۆت پادىشاھتىن تۆت ھېكمەتلىك سۆز قالمىش، گويا تۆت يادىن تۆت تال ئوق كۆككە يول ئالمىش.

خۇسرەۋ ئېيتۇر: «ئېيتمىغان سۆزدىن ھېچ پۇشايمان قىلمىدىم. كۆپ سۆزلەر باركى، ئۇلارنى ئېيتقىنىمدىن پۇشايمان يېدىم.»

قەيسەر ئېيتۇر: «ئېيتىلمىغان سۆز ئۇستىدىكى قۇدرىتىم ئېيتىلغان سۆزگە قارىغاندا كۆپرەك، يەنى ئېيتقان سۆزۈمنى خالىغان چاغدا قايتا يوشۇرۇش ئىمكانىم يوق.»

---

[1] بۇ يەردە ئايال كىشىگە نىسبەتەن يات ئەر، دېمەكچى.
[2] بار ــ قېتىم.

ئاشكار قىلماق لازىم بولمىغان سۆزنى،
هوشيارلارغا سۆزلىمە ئاسان.
سۆزلىمىگىنىڭنى سۆزلەپ ئالۇرسەن،
ئېيتقاچ، قايتۇرماققا تېپىلماس ئىمكان.

چىن خاقانى شۇ مەنىدە ئېيتۇر: «كۆپىنچە سۆزنى ئېيتماي پىنهان تۇتماققا قارىغاندا، ئېيتىپ پۇشايمان قىلماق قىيىنراق بولۇر.»

قانداق سىر بولمىسۇن كۆڭلۈڭدە پىنهان،
تېز ۋە ئاسانلىقچە ئەيلىمە بايان.
ئاشكارا ئېيتىپ، چەكمىگىن نادامەت،
پىنهان تۇتقىل، مەيلى بولسا ئالامەت.

ھىندى پادىشاھى ئېيتۇر: «ھەر سۆزكى تىلىمدىن ئۇچتى، ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭغا كۆچتى. ئېيتمىغان سۆزۈمگە ئۆزۈم ھۆكۈمران، خالىغان چېغىمدا تىلىمدۇر راۋان.»

دانالار قارىشىچە، ئېيتقان ـ ئېيتمىغان
سۆز مەنىسى ئۇشبۇ مەسىلگە كۆچكەن:
ھەر ئىككىسى ئوقتۇر، بىرى ساداقتا،
بىرى بولسا ئەمدى كاماندىن ئۇچقان.

## ھېكايەت

ھىندى پادىشاھى باغداد خەلىپىسىگە سوۋغا ـ سالام بىلەن تېبابەت ۋە ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر پەيلاسوپنى ئەۋەتتى. تېۋىپ خەلىپە ئالدىدا تىك تۇرۇپ دېدى:
ــ كەمىنە ئالىيلىرىغا پەقەت پادىشاھلارغا خاس ۋە سۇلتانلارغا يارايدىغان ئۈچ سوۋغا ئېلىپ كەلدىم.
ــ خوش، ئۇلار نېمىدۇر؟ ــ دېدى خەلىپە.
ــ بىرىنچىسى ــ بوياقتۇر، ــ دېدى تېۋىپ، ــ چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بويالغان چاچ ھەرگىز رەڭگىنى يوقاتمىغاي ۋە ھېچقاچان

ئاقارمىغاي. ئىككىنچىسى — بىر مەجنۇندۇركى، ئۇنى يۇتۇپ ھەرقانچە كۆپ غىزا يېيىلىسىمۇ ئاشقازانغا ئېغىرلىق چۈشمىگەي ۋە مىجەز بۇزۇلمىغاي؛ ئۈچىنچىسى — بەلنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، مەنىينى كۆپەيتىپ، شەۋقنى ئاتتۇرىدىغان دورا. ئۇنى ئىچكەن كىشى خوتۇنلار بىلەن تەكرار تۆشەككە كىرسىمۇ، قۇۋۋىتى كېمەيمىگەي، كۆز نۇرى زەئىپلەشمىگەي.

خەلپە بىردەم ئويلىنىپ، شۇنداق دېدى:

— مەن سېنى دانا، ئەقلىڭنى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا، دەپ ئويلىغانىدىم. سەن ئېيتقان بوياق مەغرۇرلۇق سەرمايىسى ۋە پەسقۇ پۈجۈر دەسمايىسىدۇر. چاچنىڭ قارىلىقى قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاقلىقى بولسا يورۇقلۇقنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ پەقەت نادانلارلا يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇققا ئالماشتۇرغۇسىدۇر.

ئاق چېچىنى قارا رەڭدە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
ياشانغاندا ياشلىقنىڭ ئارزۇسىنى قىلسا، دەڭ:
قۇش بىلەن شىكار قىلغان دانا ـ ئاقىل بىلۇركى،
ئاق قارچىغا بىلەن ھېچ قارا قاغا بولماس تەڭ.

ئىككىنچى سوۋغات مەجۇن توغرىسىدا شۇنى بىلىپ قويكى، مەن تاماقتىن لەززەتلىنىدىغان تويمىغۇرلاردىن ئەمەسمەن ۋە تاماقنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق يېمەسمەن. غىزانى كۆپ يېيىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ؟ غىزانى جىق يېگەن كىشى جايغا تېز ـ تېز قاتراپ، كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشكە، قۇلاققا ياقمايدىغان قوپال ئاۋازلارنى تىڭشاشقا، بۇرۇنغا ياقمايدىغان ھىدلارنى ھىدلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنداق جايغا تېز ـ تېز قاتراشتىمۇ يېقىمسىز ئىش بارمىدۇ؟

بىلىملىكلەر: «ئاچلىق — كېسەللىكتۇر، لايىقىدا يەپ ـ ئىچمەك ئۇنىڭ داۋاسىدۇر» دېگەنغۇ. دەردكە داۋا بولۇشنىڭ ئورنىغا كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ياردەملەشكەن كىشىدىنمۇ نادانراق ئادەم بارمۇ؟!

خوجا ساقلار ئىشتىھاسىن،
ساقلىقىنى سېلىپ يولغا.
ئىلغىماس ئىسسىق ـ سوغۇق دەپ،
ئاز ـ ئاز يېيۇر كېرەك بولسا.

ئەمدى ئايالالار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۆچەيتىدىغان دوراڭغا كەلسەك، ئايالالار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلماق ئەقىلسىزلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر خەلپە... قانداقتۇر بىر قىز ئالدىدا تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭغا تولا ھېرىس قىلسا، يالغان ـ ياۋىداق ماختاش سۆزلىرىنى ئېيتقىلى تۇرسا، ئۇنى دانا دېگىلى بولامدۇ؟!

ئەي دانالىق دەۋاسى قىلغان، شەھۋەتتىن بولما تىترەك،
ساراڭلىقنىڭ زەنجىرىدۇر بۇزۇق خوتۇن چاچ ئۆرۈمى.
تىزلىنىپ ئالدىدا قىلساڭ بەتقىلىقنى ئاشكارا،
بۇ ئەقىل ـ ئىدراكسىزلىقتۇر ھەم ساراڭلىق بېشارىتى.

## ھېكايەت

كىسرانىڭ[1] سورۇنىغا بىلىمدانلاردىن ئۈچ كىشى — رۇم پەيلاسوپى، ھىندى ھەكىمى ۋە بۇزۇرجمېھر[2] يىغىلغانىدى. سۆھبەت «دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، رۇم ئالىمى دېدى:
— قېرىلىق ۋە ئاجىزلىق، يوقسۇللۇق ۋە قاششاقلىق.
— كېسەللىك ۋە نادامەت، — دېدى ھىندى دانىشمىنى.
— ئەجەل يېقىنلىشىپ، پۈتكۈل ئىشلاردىن يىراقلىشىش، — دېدى بۇزۇرجمېھر.
ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

كىسرا سارىيىغا داندلار كېلىپ،
«پالاكەت نېمە؟» دەپ قۇرۇشتى سۆھبەت
«غەم مەۋجىنىڭ ئەڭ زور دولقۇنى نېمە؟»
جاۋابىنى ئىزدەپ، سورىدى ھېكمەت.

---

[1] كىسرا ـ خۇسرەۋ I ئەنۇشىرۋان ساسانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىران شاھلىرىدىن (531 ـ 579). ئەنۇشىرۋان تارىخىي شەخس بولسىمۇ، كېيىنچە شەرق خەلقلىرى بەدىئىي ئىجادىدا كەڭ تارقالغان ئادالەتلىك شاھ تىمسالىغا ئايلانغان.
[2] بۇزۇرجمېھر ـ بۇزۇرگمېھر ـ خۇسرەۋ I ئەنۇشىرۋاننىڭ ئەپسانىۋى ۋەزىرى، شەرق ئەدەبىياتىدا ئالىم تىمسالىدا كەڭ تارقالغان.

«بىتابلىق ۋە قايغۇ» دېدى بىرەيلەن:
«قېرىلىقتىكى يوقلۇق، ئاچلىق، بىتاقەت».
ئۈچىنچىسى دېدى: «ئاياۋسىز ئەجەل،
دۇنيا ئىشلىرىدىن ئاجرىتۇر سائەت».
ئۇنىڭ سۆزى بولسا ھەممىگە مەقبۇل،
يوق دېيىشتى بۇندىن ئېغىر پالاكەت.

## ھېكمەت

بىر دانىشمەندىن:
— كىشى قانداق چاغدا تاماققا ئالدىرايدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:
— بەدۆلەت ئاچ قېلىپ، ئىچى ئېچىشقاندا، كەمبەغەل بولسا تاماققا ئېرىشكەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بولمىسۇن ساقلىقىم خاراب دېگەنلەر،
تاماقنىڭ ئاز ـ كۆپىن لايىقىدا يەر.
باي قارنى ئاچقاندا گاھى ـ گاھىدا،
كەمبەغەل تاپقاندا يا باردا يەر.

## ھېكايەت

بىر دانىشمەن ئۆز ئوغلىغا دېدى:
— ئەتىگەندە ئاغزىڭغا بىرەر چىشلەم نان سالماي ئىشىكتىن چىقما، چۈنكى توقلۇق خۇش مۇئامىلىگە ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئاساسى، ئاچلىق بولسا يەڭگىلتەكلىك ۋە ئەقىلسىزلىقنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

روزىدىن بۇزمىغىن تەبىئىتىڭنى،
خۇش مۇئامىلىلىك ئادەمزات نەقشى.
تۇتقان روزاڭ بولسا بىراۋغا ئازار،
روزىنى پۈتۈنلەي تۇتمىغان ياخشى.

## ھېكايەت

ئەگەر ئاچ بولساڭ، ھەرقانداق ئاش ـ نان كۆرسەڭ، ئۇ سېنىڭدە ئىشتىھا قوزغىتىدۇ. سەن بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئۇلپەتلىرىڭدە بولسا سېنىڭ ئىشتىھايىڭ ساڭا قارىتا نەپرەت ئويغىتىدۇ.

قويۇق ـ سۇيۇق ھەرنەرسە تاپساڭ، ئۆيۈڭدە
تويۇپ يەۋالغىنىڭ ياخشىدۇر بىشەك.
ئۆزگىلەر تائامىن ھەۋەس ئەيلىمە،
پەسلەرنىڭ بەرگىنىدىن قېقىپ كەت ئېتەك.

ئەگەر مىزبان داستىخان ئۈستىدە ئۇ نېمەتلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتسا، ئۇنىڭ نېنىدىن ئۆز جىگىرىڭ ئەلا ۋە شەربىتىدىن ئۇ قېنىڭ بەجا[1].

مىزبان ئېيتىۋەرسە «نېنىم» ۋە «ئېشىم»،
ئۇنداق داستىخانغا ئۇزاتما قولۇڭ.
ئۇنىڭ قورۇمىسىدىن ئاشكۆكىڭ ياخشى،
ئۇنداقلا ئۆيىگە چۈشمىسۇن يولۇڭ.

## ھېكمەت

كىمنىڭ قولىدا مۇنۇ بەش نەرسىنىڭ تىزگىنى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولۇر: بىرىنچىسى — تەن ساقلىق. ئىككىنچىسى — ئامانلىق، ئۈچىنچىسى — رىزقىنىڭ موللۇقى، تۆتىنچىسى — سادىق دوست، بەشىنچىسى — پاراغەت. كىمكى شۇ بەش نەرسىدىن مەھرۇم ئېتىلگەن — خۇش ھايات ئىشىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بېكىلگەن.

---

[1] بەجا ـ ماقۇل كېلىدىغان، دۇرۇس، ياخشى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇش ھايات ئامىلى بەشكە يېتىدۇ،
دانالارنىڭ بارچىسى شۇنىڭغا قىلۇر ئىشارەت.
ساقلىقۇ ئامانلىق ھەم پاراۋانلىق،
ياخشى سۆھبەتداش دوست دىلغا پاراغەت.

### ھېكمەت

ئەقىللىق كىشى زاۋال تاپىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى نېمەت ھېسابىغا قوشمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىشكە ئالدىرىمايدۇ. گەرچە ئۆمۈر ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆلۈم بولغاچ، بۇ ئۇزۇنلۇقتىن نېمە پايدا... مەڭگۈ قالىدىغان نېمەتنى قەدىرلىسە، زامان ئاپىتىدىن ئامان قالىدۇ.

دانالار مۇنۇنى نېمەت دەپ بىلۇر،
جان ئۇنىدىن مەڭگۈلۈك ئالالىسا سۇرۇر[1].
سەن كىرسەڭ گۆرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭ،
ئاددىي تاش مىسالى ھەر يەردە قالۇر.

### ھېكمەت

بۇزۇرجمېھردىن:
— قانداق پادىشاھ پاكىزدۇر؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇنىڭدىن پاكىزلار ئامانلىق، ناپاكلار يامانلىق كۆرسە، شۇ پادىشاھ پاكىزدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

شاھ ئۇلكىم، خاتىرى كۆپ، روشەنۇ دانا ئېرۇر،
ياخشىغا ياخشى، يامانلارغا يامان ئادىل ئېرۇر.

### ھېكايەت

ئىسكەندەر بىر بىلىملىك كىشىنى شەرەپلىك ۋە يۇقىرى ئەمەلدىن

---

[1] سۇرۇر ـ شادلىق، خۇرسەنچىلىك، قۇۋانچ.

ئېلىپ تاشلاپ، پەس بىر ئىشقا بەلگىلىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە:

— قانداق، يېڭى ئەمىلىڭ ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

— ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — دېدى ئۇ كىشى، — ئىنسان ئەمىلى بىلەن ئەمەس، ئەمەل ئىنسان بىلەن شەرەپكە ئىگە بولۇر. ھەربىر ئىشتا خۇش تەبىئەتلىك، ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇش لازىم.

بۇ گەپ ئىسكەندەرگە ياقتى ۋە ئۇنى ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويىدى.

يۇقىرى مەنسەپ ئۈستىدىمۇ ھەم،
ئىلىم ئاشۇرماق پىكرىن قىل ھەردەم.
مەنسەپ بىلەن ئۆرلىمەس ئادەم،
مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم.

## ھېكمەت

ئۈچ تائىپە كىشىلەرگە ئۈچ خىل ئىش ياراشماس: پادىشاھلارغا ئالدىراڭغۇلۇق، دانىشمەنلەرگە مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، بەدۆلەت كىشىلەرگە بېخىللىق.

ئۈچ ئىشنى قارىلار ھەكىم قەلىمى،
ئالدىراڭغۇلۇق قىلسا كۈچلۈك پادىشاھ.
خەسىس بولسا بەدۆلەت كىشى،
مال ـ دۇنياغا ھېرىس قويسا دانا.

## ھېكمەت

ھەكىملەر ئېيتۇرلاركى، ئەدلىدىن جاھان ئاباداN[1]، ستەمدىن ئالەم ۋەيران. ئەدل چىرىغىن مىڭ پەرسەڭ[2] يەر يورۇقلۇق ئالۇر، ستەم مىڭ پەرسەڭ جايغا قارا سايە تاشلار.

[1] ئاباداN — ئاۋات، گۈللەنگەن، ياشنىغان.
[2] پەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى،
تارالغاي ھەر تامان نۇرى ــــ زىياسى.
ئەگەر زۇلۇم قىلسا، زالىم، ستەمدىن،
جاھان بولغاي قارا، يوق ئىنتىھاسى[1].

## ھېكايەت

ئالىي ھىممەتلىك بىر دەرۋىش شەۋكەتلىك بىر پادشاھ بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرار ۋە يېقىملىق سۆھبەتلەر قۇرار ئىدى.

بىر كۈنى بۇ دەرۋىش پادىشاھ چىرايىدىن مالامەت ئىزلىرى بايقىدى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ، خىياللارغا چۆكتى. ئەمما، ئۆزىنىڭ پادىشاھ ھۇزۇرىغا پات ـ پات كېلىدىغانلىقىدىن بۆلەك سەۋەب تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىشىنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتتى.

بىر كۈنى پادىشاھ يول ئۈستىدە دەرۋىشنى ئۇچرىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــــ ئەي دەرۋىش، نە سەۋەبتۇركى، مەن بىلەن بولغان ئالاقەڭنى ئۈزدۈڭ، بېرىش ـ كېلىشتىن قەدىمىڭنى ئۈزدۈڭ؟ ــــ دەرۋىش جاۋاب بەردى:

ــــ سەۋەبى شۇكى، ھۇزۇرلىرىغا بېرىپ چىرايلىرىدىن مالاللىق ئالامىتىنى كۆرگىنىمدىن «نېمىشقا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ؟» دېگەن سوئالنى ئىشىتىشنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

دەرۋىشتىن ھۆكۈمدار سورىدى: «نېچۈن كەلمىدىڭ ئالدىمغا بۇنچىلىك ئۇزاق؟»

ئول دېدى: «(نېمىشقا كەلدىڭ؟) دېگەندىن (نېمىشقا كەلمىدىڭ؟) دېگەن ياخشىراق»!

[1] ئىنتىھا ــ سوڭ، ئاخىر، نىھايەت.

## ئىككىنچى رەۋزە

# شاھلىق ۋە ئادالەت بابىدا

پادىشاھلارنىڭ دانالىقى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتتۇر. تاشقى يالتىراقلىق جالالەت[1] ئەمەس

### ھېكمەت

پادىشاھلارنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئۆتكۈر پىكىرلىك ھەكىملەر[2] بولۇشى، ھەرگىز ھەزىلكەش نەدىملەر[3] بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، پادىشاھلار ئالدىنقىلار ئارقىلىق يېتۈكلۈك چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈپ، كېيىنكىلەر كاساپىتىدىن پەسلىك ھاڭىغا ئىتتۈرۈلۈر.

دانالار ئاغزىدىن تۆكۈلۈر گۆھەر،
كىم كۆكسىدىن خەزىنە قىلالىسا ئەلا.
ھېكمەت خەزىنىسى دانالار دىلى،
ئۈمىدىم يىراق تۇتما ئۆزۈڭنى ئەسلا.

### ھېكايەت

بىر كۈنى سەھەردە مەجۇسىيلار ئىبادەتخانىسىنىڭ باشلىقى قۇبادشاھ[4] بىلەن بىرگە ئاتلىق سەپەرگە چىقتى. يولدا مەجۇسىيلار

---

[1] جالالەت (جەلالەت) — بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغۋارلىق، شانلىق، شەرەپلىك.
[2] ھەكىم — بىلىمدان، دانىشمەن تېۋىپ، پەيلاسوپ.
[3] نەدىم — شاھ سارىيىدىكى سۆھبەتداش، خىزمەتكار، مەھرەم.
[4] قۇباد — قۇباد I، ئىران ساسانىيلار دۆلىتى شاھى، 531 — 488 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

باشلىقنىڭ ئېتى شاتراقلاپ، ئارقا پۇتلىرىنى تاكى تۇياقلىرىغىچە بۇلغاپ تاشلىدى. بۇ ھالدىن ئۇيىلىپ ئۇنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

شۇ چاغدا قۇبادشاھ ئۇنىڭدىن:

— شاھ بىلەن سەپەرگە چىقىش قائىدىلىرى قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇلاردىن بىرى، — دېدى مەجۇسىيلار باشلىقى، — ئەتىگەندە پادىشاھ بىلەن ئاتلىق سەپەرگە چىقىدىغان كىشى ئېتىغا كۆك ئوت بەرمەسلىكى ۋە ئۆزىنى ئۇياتقا قويماسلىقى كېرەك.

— مانا شۇ پاراسىتىڭ ۋە ئىنچىكىلىكىڭ تۈپەيلى شۇ دەرىجىگە يېتىپسەن، — دېدى پادىشاھ.

ياخشىلىق يولىدىن تېپىپ كېتىدۇ،
نادان تەبىئىتى بىلەن ئىش تۇتۇپ.
ھەتتاكى ھايۋاننى تەربىيە ئېتەر،
دانا ئۆز ئەقلىنى رەھنەما[①] ئېتىپ.

## ھېكمەت

سۇلتانلارغا يېقىن كىشىلەر ئېگىز تاغقا چىققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ھامان بىر كۈنى سۇلتان غەزىپى زىلزىلىسى ياكى زامان سىلسىلىسى[②] ئۇلارنى تاغ جىنسىدەك ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. ھېچ شۇبھە يوقكى، ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىقراق يىقىلىدۇ، پەستىن چۈشكەن يۇمشاقراق.

ئېگىزدۇر شاھ ئىلە دوستلۇق ئايۋانى،
كۆپ ئېگىزلەپ كېتىشتىن ھەزەر قىل، ھەزەر.

---

[①] رەھنەما ــ يولباشچى، يول كۆرسەتكۈچى.

[②] سىلسىلە ــ زەنجىر، قاتار، تىزىم؛ بۇ يەردە كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر مەنىسىدە.

قورقىسەن بىر كۈنى يىقىلغىنىڭدا،
يىقىلمىغىل تېخى ھەممىدىن بەتتەر.

### ھېكايەت

نۇشىرۋان[1] نورۇز ياكى ئارام كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئۇ زىياپەتتە ئولتۇرغان قېرىنداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئالتۇن قەدەھنى قويىنىغا تىقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، لېكىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ساقىي:

— ھېچكىم چىقمىسۇن، ئالتۇن قەدەھ يوقالدى، مەن ھەممىڭىزلارنى ئاختۇرۇپ كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— بولدى قىل، — دەپتۇ ئۇنىڭغا نۇشىرۋان، — ئالغان بەرمەيدۇ، كۆرگەن ئېيتمايدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇ كىشى نۇشىرۋان ھۇزۇرىغا كەپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ ئۇستىدە يېڭى كىيىم، پۇتىدا يېڭى ئۆتۈك. نۇشىرۋان ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئىما قىلىپ:

— بۇ شۇنىڭدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى تونىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ، ئۆتۈكىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ھەم شۇنىڭدىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى قىلمىشىنىڭ يوقسۇزلۇق ۋە زۆرۈرەت تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئىنكار قىلما، كەرەمىدىن[2] بولما مەھرۇم،
كەرەملىك شاھ گۇناھىڭدىن بولسا ئاگاھ.
ئىنكار ئېتىش گۇناھتىن ھەم ئېغىرراقتۇر،
ھەر قانچىلىك بولسا ھەمكى ئېغىر گۇناھ.

---

[1] نۇشىرۋان — 579 — 531 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساسانىيلار شاھى، «ئەنۇشىرۋان، نوشىن رەۋان»مۇ دېيىلىدۇ، ئادىل پادىشاھ تىمسالى.

[2] كەرەم — ياخشىلىق، ساخاۋەت، مەرھەمەت، مۇرۇۋۋەت، ھىممەت.

## ھېكايەت

ھورمۇز ئىبنى شاپۇرنىڭ[1] ۋەزىرى ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ: «دېڭىز سودىگەرلىرى نۇرغۇن مەرۋايىت ئەكەلگەنىكەن، مەن ئۇلارنى يۈزمىڭ دىنارغا ئالىيلىرى ئۈچۈن سېتىۋالدىم. ئەمما ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، شاھ بۇلارنى خالىماس ئىمىش. ئەگەر راستلا شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا مەرۋايىتلارنى پالان سودىگەرگە يەنە يۈز مىڭ دىنار پايدىسىغا سېتىشىم مۇمكىن» دەپتۇ.
ھورمۇز شۇنداق جاۋاب ئەۋەتىپتۇ: «ئىككى يۈز مىڭ دىنارنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە نېمە قەدرى بولسۇن! ئەگەر بىز سودىگەرلىك قىلساق، پادىشاھلىقنى كىم قىلىدۇ ۋە سودىگەرلەر نېمە بىلەن مەشغۇل بولىدۇ؟»

پادىشاھلار شەنىگە بۇنداق ئىشلار ياراشماس،
مالۇدۆلەت يىغاي دەپ، بولۇپ ئالسا سودىگەر.
قىلىشىدۇ نېمە ئىش ئۇ چاغ سودىگەر ئەھلى،
شاھ جاھاندا سودىنى ئۆزىگە قىلسا زىنەر.

## ھېكايەت

ئىسكەندەردىن:
— سەن تېخى ياشلىق ۋە نەۋقىرانلىق چېغىڭدىلا قانداق قىلىپ بۇ دۆلەتۇسەلتەنەت ۋە كەڭ مەملىكەتكە ئېرىشتىڭ؟ — دەپ سورىغىنىدا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
— مەن ئاداۋەت دائىرىسىنى تارايتىش ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىمگە نىسبەتەن خۇش مۇئامىلىدە بولدۇم، دوستلۇق كۈچەيسۇن دەپ، دوستلارغا سادىق بولدۇم.

سەن ئىسكەندەر دۆلىتىنى ئارزۇلىساڭ، ياق چىراق،
ياۋلىرىڭنى يار قىلغىن، دوستلىرىڭنى يېقىنراق.

---

[1] ھورمۇز ئىبنى شاپۇر — ساسانىيلار پادىشاھلىرىدىن بىرى.

## ھېكايەت

بىر كۈنى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلىرى بىلەن ئولتۇرار ئىدى.
— سۇبھانالللا، تەڭرى ئالىيلىرىغا كاتتا سەلتەنەت بەردى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — خوتۇنلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەيلا، تاكى باللىرى كۆپ بولغاي ۋە دۇنياداناملىرى ئۆچمىگەي.
ئىسكەندەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دېدى:
— كىشىنىڭ نامى دۇنيادا پەرزەنت بىلەن ئەمەس، خۇش خۇلقى ۋە ياخشى ئەمەللىرى بىلەن قالغۇسى. دۇنيادا نى - نى ئوغلانلارنى يېڭىپ، خوتۇنلاردىن يېڭىلگەن ئوغلان ئەمەس.

ئاتىسىغا نامەلۇمدۇر ئوغۇل قانداق بولغۇسى،
ئەقلىسىزلەر توپىدىنمۇ يا ئەقىلللىق بىر دانە.
ئۆز قىلمىشىڭ — پەرزەنتىڭ، كامالغا يوللا شۇنى،
پەرزەنت كۆتۈپ خوتۇنلار قۇلى بولمىغىن ئەسلا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئۇچىنچى رەۋزە

# ساخاۋەت ۋە كەرەم بابىدا

## نەسىھەت

ساخاۋەت بىرەر نەرسىگە قاراپ ياكى بىرەر نەرسە ھەققى ئۈچۈن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىش بولسا، ھەتتا تەلەپ قىلىنغان نەرسە ماختاش ۋە مىننەتدارچىلىق بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىز ساخاۋەت ئەمەس.

سېخىي دېمە، ساخاۋەتىگە،
بىرەر تەلەپ قويسا گەر ئادەم.
سېخىيلىكىمدە، بۇ سودىگەرلىك،
بۇندا يوقتۇر شەرەپ ۋە كەرەم.

ساخاۋەتتىن كىمنىڭ مەقسىتى
ئەگەر بولسا شۆھرەت ۋە ئاتاق.
ئەھلى كەرەم شەھرىدە ئاڭا
ھەر دائىم تاقاقتۇر قاپقاق[1].

## ھېكايەت

جەئفەر ئوغلى ئەبدۇللاھ[2] سەپەر جەريانىدا بىر خورمىزارغا چۈشۈپ دەم ئالدى. خورمىزار قاراۋۇلى بىر زەڭگى غۇلام ئىدى. ئۇ كۈندىلىك

---

[1] قاپقاق ــ بۇ سۆز بۇ يەردە «ئىشىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
[2] جەئفەر ئوغلى ئەبدۇللاھ ــ ھەزرىتى ئەلىنىڭ جىيەنى، مەدىنە شەھرىدە ياشاپ، 699 ـ يىلى ۋاپات بولغان، رىۋايەتلەردە سېخىيلىقى بىلەن داڭلىق.

www.uyghurkitap.com

يېمىكى ئۈچۈن ئۈچ دانە نان ئېلىپ كېلەتتى. نەدىندۇر بىر ئىت پەيدا بولۇپ قالدى. غۇلام نېنىدىن بىرنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرگەندى، ئىت ئۇنى ئوپۇل - توپۇل يەۋەتتى؛ ئىككىنچىسىنىمۇ تاشلاپ بەرگەندى، ئۇنىمۇ يەۋەتتى؛ ئۈچىنچىسىنىمۇ تاشلاپ بەرگەندى، ئۇنىمۇ يەپ تۈگەتتى.

شۇ چاغدا ئەبدۇللاھ غۇلامغا قاراپ:

— سېنىڭ كۈندىلىك يېمىكىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلىقى كۆرگەنلىرىڭ، — دېدى قۇل.

— نېمىشقا ئۇلارنى ئىتقا تاشلاپ بېرىسەن؟ — دېدى ئەبدۇللاھ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكىم، ئۇ ئۇزاق يولدىن كەلگەن مۇساپىر، پەممچە ئېچىرقاپ كەتكەن، ئۇنى ئاچ قويغۇم كەلمىدى.

— ئەمدى ئۆزۈڭ نېمە يەيسەن؟

— بۈگۈن روزا تۇتىمەن، — دېدى غۇلام.

ھەممە كىشى مېنى سېخىي دەيدۇ، ئەمما بۇ غۇلام مېنىڭدىنمۇ سېخىي ئىكەن دەپ ئويلىدى ئەبدۇللاھ. ئۇ كېيىن خورمىلىقنى ھەممە نەرسىسى ۋە قاراۋۇل قۇل بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى - دە، قۇلغا ئازادلىق يارلىقى پۈتكۈزۈپ، خورمىلىق باغنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.

ئاچ ئىتقا ئۆز لوقما — نېنىنى بېرىپ،
ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچەلىگەن ئىنسان.
ئۆزى قۇل تۇرۇقلۇق، كۆپ ئازادلارنى،
ئۆزىگە قۇل قىلىپ ئالمىقى ئاسان.

## ھېكايەت

مەدىنە شەھىرىدە بىر ئالىم بار ئىدى. ئۇ ھەر ئىشقا قابىل ۋە ھەر بىلىمدە كامىل ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كېنىزەكلەر بازىرىغا باردى، ئۇ يەردە بىر سازەندە كېنىزەككە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قوڭغۇراقتەك ياڭراق، ھۆسن - جامالى ئاپتاپتەك پارلاق ئىدى.

ئالىم كېنىزەك جامالىنىڭ سەۋدايىسى ۋە كۈي كامالىنىڭ دىۋانىسى بولدى ھەم ئۇ قىزنىڭ كۈيىگە بولغان ھەۋىسى تۈپەيلى بارلىق يۈكىنى يوقلۇق سەھراسىگە سۈردى ۋە كۈيى ناۋاسىنىڭ كۈچىدىن روھىنى ئەقىل تەڭلىكىدىن چىقىرىپ، بىھۇدىلىك كەڭلىكىگە تاپشۇردى.

ياخشى ئاۋاز بولسا، يا گۈزەل چىھىر،
ھەربىرىگە پىدا بولۇر جانۇ دىل.
ئەگەر ئىككىلىسى بىرگە يىغىلسا،
ساھىب دىل ھالىتى بولغۇسى مۇشكۇل.

ئالىم دانالىق لىباسىنى يىشىپ تاشلاپ، ئۇچىسىغا رەسۋالىق كىيىمىنى كىيدى ۋە مەدىنىنىڭ كوچا ـ بازارلىرىدا شەرمىسار بولدى. دوستلىرى ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلسىمۇ ھىچ پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ تىلى پەقەت بىر نەرسىنى سۆزلەر، دىلى پەقەت شۇ نەرسىنى دەپ بوزلار ئىدى:

جىلۋە قىلسا قارام ئۆزىگە،
ئاشىق كىشى ئۇندىن قۇتۇلغاي قانداق؟
كىشىلەر تەنبىھى قۇلاققا شامال،
شامالدىن ئوت ـ يالقۇن ئەۋج ئالۇر ئانداق؟

كىشىلەر شۇ ھالنى ئەبدۇللاھ جەئفەرگە سۆزلەپ بىرىشتى. ئۇ كېنىزەكنىڭ خوجىسىنى چاقىرتىپ، قىرىق مىڭ دىرھەمگە كېنىزەكنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇ ئالىمنى دىۋانە قىلغان كۈينى چېلىشنى بۇيرۇدى. كېيىن ئۇنىڭدىن:

— بۇنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— پالان سازەندىدىن، — دىدى كېنىزەك.

ئەبدۇللاھ جەئفەر خىزمەتكارلىرىغا ئۇ سازەندىنى ئىلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇ ئالىمنى چاقىرىپ دىدى:

— سىنى دىۋانە قىلغان كېنىزەكنىڭ ئۇستازىدىن تىڭشىغۇڭ بارمۇ؟

— ھە.

ئەبدۇللاھ جەئفەر كېنىزەكنىڭ ئۇستازىغا ھىلىقى كۈينى ئورۇنداشنى بۇيرۇدى. ئالىم كۈينى تىڭشاپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىشتى. ئەبدۇللاھ جەئفەر بولسا: «مەن بۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدۇم» دەر ئىدى. ئۇ ئالىمنىڭ يۈزىگە گۈلاب سېپىشنى بۇيرۇدى. ئالىم ھوشىغا كەلدى.

— بۇ كىشىنىڭ ئۇ كېنىزەك ئىشقىدا بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمىز، — دىدى ئەبدۇللاھ جەئفەر.

— يائاللا، — دەپ ئاھ ئۇردى ئالىم، — سىرلىرىم ئاشكارا بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— بۇ كۈينى كىنىزەكنىڭ ئۆزىدىن ئىشىتكۈڭ بارمۇ؟
— كۆردۈڭغۇ، بۇنى باشقا كىشىدىن ئىشىتىپ شۇ ھالغا چۈشتۈم، جاۋاب بەردى ئالىم، — ئەگەر ئۇ كۈينى ئۆز مەشۇقۇمدىن ئىشىتسەم ھالىم نە بولۇر؟!
— ئۇنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئالىم يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دېدىڭ: «دىلۇجانىڭنى ئالغاننى تونۇيسەنمۇ؟
ئالەمدە ئۇندىن ئۆزگە ھېچ كىشىنى تونۇرمەنمۇ؟»

ئەبدۇللاھ جەئفەر كىنىزەكنى ئېلىپ چىقىپ ئالىمغا تاپشۇرۇشقا پەرمان قىلدى ۋە دېدى:
— مانا بۇ سېنىڭكى، مەن ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنىمۇ سالغىنىم يوق.
ئالىم ئەبدۇللاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە دېدى:

كەرەم قىلدىڭ، يۈزۈمگە سۇ يۈگۈردى،
ۋىسال كەلدى، پىراق — قايغۇ يۈگۈردى.
غېمىم قوغلاپ قارار، سەۋرىم كەتكۈزدۈڭ،
شور ياش تىنىپ، كۆزگە ئۇيقۇ يۈگۈردى.

## ھېكايەت

بىر كۈنى كېچىسى مىسىر مەسچىتى كۆيۈپ كېتىپتۇ. موسۇلمانلار بۇ ئىشنى نەسارالاردىن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇشقا باشلاپتۇ. مىسىر سۇلتانى ئوت قويغۇچىلاردىن بىر نەچچىسىنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، بىر جايغا يىغىپ، ئۇلار قانچە كىشى بولسا، شۇنچە چەك تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. چەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى، قولنى چېپىپ تاشلاش ۋە قامچىلاش جازالىرى يېزىلغان بولۇپ، كىمنىڭ چېكىگە قايسى جازا يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ جازا بېرىلىدىكەن. چەك تارتىش باشلىنىپتۇ. بىر كىشى چەك تارتقانىكەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى چىقىپتۇ.
— مەن ئۆلۈمدىن قورقماسمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئەمما ئانام بار ئىدى، ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچكىمى يوق.
بۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ چېكىگە «قامچىلاش» جازاسى

يېزىلغانىكەن. ئۇ:
— مېنىڭ ئانام يوق، — دەپتۇ ـ دە، ئۆز چېكىنى ئۇ كىشىگە بېرىپ، ئۆزى ئۇنىڭ چېكىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ كىشى قەتل قىلىنىپتۇ، ئاۋۋالقى كىشى بولسا قامچا جازاسى بىلەن تىرىك قاپتۇ.

كۆپلەر مالىنى بېرىپ، مەردلىك قىلىدۇ،
مەردلەر جانىنى بېرىپ، مەردلىك قىلىدۇ.
بىلدىكىم، دوستىنىڭ ئېھتىياجى جان،
ئايىماي ئۆز جانىنى ئەيلىدى قۇربان.

**ھېكايەت**

كىشىلەر ھاتەمدىن سوراشتى:
— ئۆزۈڭدىن سېخىيرەك بىر كىمنى كۆردۈڭمۇ؟
— ھەئە! — دېدى ئۇ، — بىر كۈنى بىر يېتىم بالىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئون قويى بار ئىكەن. دەرھال بىر قويىنى سويۇپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ، ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. گۆشنىڭ بىر يېرى ماڭا تېتىپ كەتكەنلىكتىن، مەن: «خۇدا ھەققى، تولىمۇ لەززەتلىك ئىكەن» دېدىم. ئۇ يىگىت تاشقىرىغا چىقىپ قويلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سويۇپ، گۆشنىڭ ماڭا تېتىپ كەتكەن يېرىنى پىشۇرۇپ ئەكىرىپ ئالدىمغا قويۇۋېرىپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. تاشقىرىغا چىقىپ ئاتقا مىنەي دەپ تۇرغىنىمدا، قورۇدا ناھايىتى كۆپ قان تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.
— ئۇ ھەممە قويىنى سويدى، — دېيىشتى كىشىلەر.
— نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ كايىدىم بالىغا.
— خۇداغا شۈكۈركى، مېنىڭ بىر نەرسەم ساڭا يېقىپ قاپتۇ، ئەگەر خەسىسلىك قىلغان بولسام، بۇ ئەرەب شەنىگە يامان ئىش بولار ئىدى.
— بۇنىڭ بەدىلىگە سەن نېمە بەردىڭ؟ — دەپ سوراشتى كىشىلەر.
— ئۈچ يۈز سەمەن تۆگە ۋە بەش يۈز تۇياق قوي بەردىم، — دېدى ھاتەم.
— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭدىن ئالىي ھىممەتلىك ئىكەنسەن، — دېيىشتى كىشىلەر. ھاتەم شۇنداق جاۋاب بەردى:
— ھەيھات!... ئۇ بار ـ يوقىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەرگەنىدى، مەن

بولسام بار نەرسەمنىڭ بىر بۆلىكىنىلا بەردىم شۇ.

ئەگەردە ئۆيىدىن چىقىرىپ بەرسە،
بارۇيوق بىر پۇچۇق نىنىنى گەدا.
يېرىم خەزىنىسىن بەرگەن پادىشاھتىن،
سېخىيلىك بابىدا شۇ گەدا ئەلا.

### ھېكايەت

بىر بەدەۋى بىر ساخاۋەتلىك ئەرەب ئەمىرىنىڭ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەسىدە يېزىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىپتۇ ۋە قەسىدىنى شۇنداق بېيىتى بىلەن تۈگىتىپتۇ:

ئالىقىنىدىن تۆھپە يىغىلغان قولىلىرىڭ سىز مەن تەرەپ،
ئۇستىگە بۆسە[1] يىغىلغان قولىلىرىڭ سىز مەن تەرەپ.

ئەمىر قولىلىرىنى سوزۇپتۇ، بەدەۋى سۆيۈپتۇ. شۇ چاغدا ئەمىر ھەزىل قىلىپ :
— بۇرۇتلىرىڭ قولىلىرىمنى تىنىدى، — دېگەنىكەن، بەدەۋى جاۋابلىق بىلەن:
— سېنىڭدەك ئەركەك شىر پەنجىسىگە مېنىڭدەك ئاجىز كىرپىنىڭ تىكىنىدىن نىمە زىيان يەتكەي؟ — دەپتۇ. ئەمىرگە بۇ گەپ بەك يېقىپ كېتىپتۇ ۋە:
— بۇ گېپىڭ ئوقۇغان شېئىرىڭدىنمۇ ماڭا بەك ياقتى، — دەپتۇ - دە، قەسىدىگە مىڭ دىرھەم، جاۋابقا بولسا ئۈچ مىڭ دىرھەم مۇكاپات بېرىپتۇ...

ئەگەردە ماختاپلا كۆككە كۆتۈرسەڭ،
ھامان سۆز قەدرىنى بىلمەيدۇ نادان.
مەدھىيە - ماختاشقا ئەتمەي ئېتىبار،
ئېگىز - پەستىن سىناپ كۆرگەي سۇخەندان.

---

[1] بۆسە — سۆيگۇ، سۆيۈش.

# تۆتىنچى رەۋزە

# دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بابىدا

## ھېكايەت

ئىككى دانىشمەن ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى. بىرى دېدى:

— ئىشقنىڭ خاسىيىتى ھەمىشە تارتىدىغىنى مالامەت ـ جاپادۇر.

— يۇم ئاغزىڭنى! — دېدى ئۇنىڭغا ئىككىنچى دانىشمەن، — سەن ھېچقاچان جەڭدىن كېيىنكى سۇلھىنى كۆرمىگەنسەن. پىراق كەينىدىن ۋىسال كەيپىنى سۇرمىگەنسەن، ساپ دىل ئاشىقلاردىن لەتىفراق كىشى ئالەمدىن تېپىلمىغاي، ئەگەر كىشى بۇ ئەندىشىدىن يىراق بولسا، ئۇنىڭدىن ئىپلاسراق كىشى بولمىغاي .

ئىشق نۇرىنىڭ جىلۋىسى مەردلەر دىلىن جامالى،
دىلى گۈزەل بولمىغان مەيل قىلماس مۇھەببەت.
بۇنغا ئەگەر نادانلار ھۆججەت تەلەپ قىلسىلا،
«جىنس جىنسقا ئىنتىلۇر» دېگەن سۆز ئىسپات ــ ھۆججەت.

## ھېكايەت

ئەبۇ بەكر سىدىق[1] خەلىپىلىك قىلىۋاتقان چېغىدا ھەمىشە مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىناتتى ۋە ئىشكىلەر ئالدىدىن كۆپ ئۆتەتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا يىغا ئاۋازىنى ئىشىتتى. ئۆي ئىچىدە

---

[1] ئەبۇ بەكر سىدىق [ئەبدۇللا ئىبنى ئەبۇ قەھھاق] ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپداشلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ قېيناتىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرىنچى خەلىپە (634 ــ 532): «سىدىق» (دوست) نامىغا ئېرىشكەن.

بىر ئايال بېيىت ئوقۇار ۋە كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تۆكەر ئىدى.

ئەي چېھرىسى تولۇن ئايدىن گۈزەلىم،
ھۆسنۈڭدىن كۆكتىكى قۇياش ئوسالىم[1].
لېۋىمگە تەگمەستىن پاك ئانا سۈتى،
سېنىڭ نامىڭ ئىدى تىلدا غەزەلىم.

بۇ بېيىت ئەبۇ بەكرنىڭ دىلىغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ ئىشىكنى چەكتى.
ھويلا ساھىبەسى ئىشىكنى ئاچتى.
— ئازادمۇسىز ياكى چۆرىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ بەكر ئۇنىڭدىن.
— چۆرىمەن، — دېدى ئۇ.
— بۇ بېيىتلەرنى كىمنىڭ ئىشقىدا ئوقۇدىڭىز، كۆز ياشلىرىڭىزنى كىمنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن تۆكىسىز؟
— ئەي پەيغەمبەرلەر خەلىپىسى، ئۇنىڭ جەننىتى ھەققى ئۈچۈن مېنى كەچۈرگەيسىز.
— مەن تاكى دىلىڭىز سىرىنى بىلمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەسمەن، — دېدى خەلىپە.
كېنىزەك دەردلىك دىلىدىن بىر ئازابلىق ئاھ چېكىپ، قەلبلەرگە ئوت سالدى ۋە ھاشىم ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىنى تىلىغا ئالدى.
خەلىپە مەسچىتكە كېلىپ، كېنىزەكنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېنىزەكنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنى سۆيگىنى تامان يولغا سالدى.

ئەي دىل، ئىشق دەردى ھېچ قالماس پىنھان،
پەقەت دەردسىز كىشى سەزمەس ھېچقاچان.
دەردتىن ئۆزگە دەۋا يوق مۇھەببەتكە،
يىغلار ھەم ئۆتكۈنچى دىلنى ئېتىپ قان.

[1] ئوسالىم ــ ئوسال (ناچار، يارىماس، يامان، قاتتىق ئۇيالماق، خىجىل بولماق) سۆزى بولۇپ، قاپىيە يۈزىسىدىن شۇنداق ئېلىنغان. بۇ مىسرادا سۆيگىنىنىڭ ھۆسنىدىن كۆكتىكى قۇياش ئۇيىلىدۇ، مەنىسىدە كەلگەن.

## ھېكايەت

ھۆسن ـ جامالى مەشھۇر ۋە لۇتفى ناۋاسى مەنزۇر گۇزەل چېھرىلىك بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ بىر كۇن شىپاگدا خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ كېنىزەكنىڭ ئىشقىدا سەۋدا بولغان بىر يىگىت پەستە تۇرۇپ، كېنىزەكنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان، پۇتۇن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭ غەزىلىنىڭ لەززىتى باسقانىدى.

ھەر كىشىكى يار ئوتىدا دىلپارە، كۆزلىرى نەملىك ئېرۇر،
يەتسە قۇلاققا يارىنىڭ ئاۋازى، ئول بەك شادلىنۇر.

خوجايىن تۇيۇقسىز پەسكە قاراپ يىگىتنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەتلىدى، قىزىق ھېكايىلەردىن سۆز ئاچتى ۋە مەنىلەر جاۋاھىرىنى چاچتى.
يىگىتنىڭ خىيالىغا ھېچنېمە كىرمەس، كۆزى كېنىزەكتە، قۇلىقى خوجايىندا ئىدى. كېنىزەك نازلىنىپ قانداق سوئال سورىسۇن، يىگىت قاش ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب بېرەتتى، كېنىزەك يەنە نېمىگىدۇر سېكىلەكلىرىنى تۇگۇن قىلار، يىگىت نازۇك تەبەسسۇمى بىلەن ئۇ تۇگۇننى يېشەر ئىدى.

نە خۇشلۇقتۇر ئىككى ئاشىق تېپىشسا،
رەقىبى مەيلى بىرلە دىل يېپىشسا.
قۇچاغۇ بۆسەگە ئىزدەپ باھانە،
قاشۇ كۆز بىرلە ئېيتىشسا فاسانە[1].

سۆھبەت سوزۇلۇپ كەتكەنىدى، خوجايىن ھەممىگە مەلۇم سەۋەب بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. بىر ـ بىرىنى كۆرمەككە ئىنتىزار بولغان بۇ بىر جۇپ ئاشىق ـ مەشۇق خالىي قېلىشتى. ئىشق ئوتى يالقۇنجىدى. شۇ چاغدا كېنىزەك يىگىتكە قاراپ ئېغىز ئاچتى ۋە شۇنداق دۇرلار

---

[1] فاسانە ــ ھېكايە، داستان، سەرگۇزەشت.

چاچتى:

خۇدا ھەققى، ئوچۇق ۋە پىنھان،
بارچە ئىبرۇر خۇدا بەندىسى.
نەچچە كۆردۇم پەرىيۇ ئىنسان،
پەقەت سەنسەن دىلىنىڭ ئەركىسى.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، پەرياد بىلەن دېدى:

سېنىڭ مەنزىلىڭدۇر بۇ كۆزى بۇ دىل،
بار گۇزەللىك سېنىڭ ھۆسنۇڭدىن ھاسىل.
دىلىم ساڭا مايىل بولسا نە ئەجەب،
تاش بولمىغان ھەر دىل ساڭدۇر مايىل.

كېنىزەك يەنە دېدى:
—جاھاندا بىرلا ئارزۇيۇم باركى، ئىككىمىز ۋىسالىمىزغا يېتىشسەك ۋە لەۋلىرىمىزدىن شېرىن شەربەت ئىچىشسەك.
— مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم شۇ، — دېدى يىگىت، — ئەمما نەچارە، سېنىڭ ئىگەڭ باردۇر.

### ھېكايەت

ئابرۇيلۇق ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىدە سەلىل ئىسىملىك بىر يىگىت بار بولۇپ، ئۇ ئەدەپتە زامانىنىڭ يېگانىسى، مەرىكىلەردە مەردلەرنىڭ بىر دانىسى، توقاي شىرىغا تىك باققان، مەردلەر مەيدانىدا ناغرا قاققانىدى. ئۇنىڭ دىلىدا تاغىسىنىڭ قىزىغا بولغان ئىشق ئوتى، بېشىدا ھىجران سەۋداسى بار ئىدى.
ئۇ تاكى ئۆز مەشۇقىنىڭ جامالىنى كۆرگۈچە قانچە جاپا چەكمىدى، قانچە دەرد كۆچىتىنى دىلىغا تىكمىدى دەيسىز.
ئۇنىڭغا تېخى سۆيگىنىنىڭ جامالىغا تويماي، ۋىسال شەربىتى قاچىسىنى قولىدىن قويماي تۇرۇپ، ئۆز تۇرار جايىنى ئۆزگەرتىش، بۇ يەردىن كۆچۈپ باشقا يەردە ماكان قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالدى. ئۇ

ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئاي يۈزلۈك يارىنى كاجۇۋاغا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا راۋان بولدى. ئۇلار بىر كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۆركەم جايغا يېتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە چۈشكۈن قىلماق بولدى. يىگىت تۈگىسىنى چۆكتۈرۈپ كاجۇۋىدىن يارىنى ئەمدىلا چۈشۈرۈشكە يىراقتىن ئوتتۇز ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يىگىت سەكرەپ تۇرۇپ قوللىرىنى ئالدى ـ دە، ئۇلار تەرەپكە ئات سالدى. يېقىنلاشقىنىدا كۆردىكى، شىردەك تاشلىنىپ جەڭ قىلدى، كۆپلىرىنىڭ ھالىنى يەر بىلەن تەڭ قىلدى، ئەمما ئۆزىگىمۇ كۆپ شىكەستە يەتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە سۆيگىنى يېنىغا كېلىپ دېدى:

ياۋ دەستىدىن ئۆلۈم يېتىشتى، ئەي يار،
كەل قايغۇلە باقاي يۈزۈڭگە بىر بار[1].
قېنىڭ تۆكەي تا ياۋ تۆككۈنچە قېنىم،
ھېقىق لېۋىڭگە ياۋ تەگمىسۇن زىنھار.

قىزمۇ مۇنداق دېدى:
ــــ خۇدا ھەققى، قېنىمنى سەن تۆكمىسەڭمۇ، مېنىڭ ئۆز قېنىمنى ئۆزۈم تۆكۈپ، سېنىڭ قېنىڭغا قوشماق ئىستىكىم بار ئىدى. ئەمما، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ قىلغىنىڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن بۇ گۇماننى نېرى قىلغىنىڭ ئەۋزەل.
سەلىل ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ قوشاقنى ئېيتتى:

زالىم بۇ پەلەكنىڭ ئىشلىرىغا باق،
نە ئۈچۈن قەلبۇ تېنىم ئەيلەمىش تۇپراق.
ئىلكىمدە ئاسرىغان ھاياتىم گۈلىن،
ئەمدى ئۆز قولۇمدا ئېتۇرمەن ماجاق[2].

ئارقىدىن ئۇ قىزنىڭ مارجاندىنمۇ، ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىنمۇ رەشك ئەيلەپ يۈرگەن نازۇك بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان شامنى ئۆچۈردى. ئۆزىنىڭ تۇپراققا مىلەنگەن يۈزىنى ئۇنىڭ قېنى

---

[1] بار ــ قېتىم.
[2] ماجاق ــ مىجىش.

بىلەن بويىدى ۋە ياۋ بىلەن ئېلىشىپ هالاك بولدى.

سەلىل قەبىلىسىدىكىلەر بۇ مۇدھىش خەۋەرنى ئىشىتىپ، ياقا يىرتىپ، چاچ يۇلۇپ يىغىلىشتى. ھەر ئىككى جەسەتنى قەبىلە قەبرىستانىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر لەھەتكە سالدى، يەنى توپراققا تاپشۇردى.

مەھشەر كۈنى ئويغانسا دەپ خارۇزار،
ئىززەت بىرلە تۇپراققا تاپشۇرۇلدى ئىككىسى.
بىر ياستۇققا باش قويۇپ يېتىشۇر يەر ئاستىدا،
ئۇندا بىر ئۇخلىسۇن، بىرگە ئويغانسۇن ئىككىسى.

## ھېكايەت

ئەشتەر ئاتلىق ئەدەپلىك ۋە ئەقىللىق بىر يىگىت باشقا بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ جەيدە ئىسىملىك گۈزەل قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرار ۋە شۇنىڭ بىلەن ئارىسىدىكى مۇھەببەت كۈچىيىپ بارار ئىدى. ئۇلار سىرلىرىنى يېقىن - يىراق قېرىنداشلىرىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈشەر ۋە بار كۈچىنى سىرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىغا سەرپ قىلار ئىدى. ئەمما ئېيتىدۇكى:

ئىشق سىرىنى تەرىپ ئېتىپ بولماس، بىل،
يۈز پەردىگە ئوراپ يوشۇرماق مۇشكۈل.

ئاخىر ئۇلارنىڭ سىرى كۈندۈزدەك روشەن ۋە قەلبلىرىدىكى مەخپىيەتلىكى پۈتۈن جاھان نەزىرىگە ئاشكارا بولدى. ئىككى قەبىلە ئارىسىدا ئاداۋەت تۇغۇلدى. ئادەم ئۆلۈپ، قان تۆكۈلدى. جەيدەنىڭ قەبىلىسى ئۆز جايىدىن چېدىر - ئوتاقلىرىنى كۆچۈرۈپ باشقا جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. قىز، يىگىتنىڭ پىراق كۈنلىرى ئۇزارغانسېرى ئىشق ئوتى شۇنچە يالقۇنجىغىلى تۇردى.

بىر كۈنى ئەشتەر بىر دوستىغا:

— سەن مېنىڭ جەيدەرىمنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ، ئۇنى كۆرۈشۈمگە ياردەم بېرەلەمسەن؟ — دېدى، — ئەمدى ئارتۇق چىدالمايمەن، ئۇنى



www.uyghurkitap.com

كۆرۈش ئارزۇسىدا جېنىم ھەلقۇمىغا كەلدى، يورۇق كۆنلىرىم تۈنگە ئايلىنىپ كەتتى.

— باش ئۈستىگە، — دېدى دوستى، — ھەر نېمە دېسەڭ قىلىشقا، قەيەرگە دېسەڭ بېرىشقا تەييارمەن. مېنى سادىق قۇلۇم دەپ بىلگەيسەن.

ئۇلار تۆگىلىرىنى ھازىرلاپ يولغا چىقتى، بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز يول يۈرۈشتى. كەچقۇرۇنلۇقى جەيدەلەرنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كېلىشتى. بىر تۆپىگە چىقىپ تۆگىلىرىنى باغلىدى ۋە چېدىر تىكتى.

— تۇر، — دېدى ئەشتەر دوستىغا، — ئەمدى خۇددى يوقالغان تۆگەڭنى سوراپ ـ سوراپ تاپقاندەك، جەيدەلەرنىڭ قەبىلىسى ماكانلاشقان جاينى تاپ، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمە، ئۇنى تاپالىساڭ سالىمىمنى يەتكۈز ۋە ئۇنى بىزنىڭ قەيەرگە چۈشكىنىمىزدىن خەۋەردار قىل.

ئەشتەرنىڭ دوستى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ جەيدەلەرنىڭ قەبىلىسى جايلاشقان يەرگە باردىم. ماڭا ئۇچرىغان بىرىنچى ئادەم بىر كېنىزەك ئىدى. ئۇنىڭغا ئەشتەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم ۋە ئۇنىڭدىن جەيدەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— ئەرگە بېرىشتى، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئەھۋالى يامان، ئېرى ھېچ يەرگە چىقارمايدۇ. ئەمما، سىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرىمەن، سىزلەر چۈشكەن تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدا بىر دەرەخلىك بار، خۇپتەن ۋاقتىدا شۇ يەردە ھازىر بولۇڭلار.

مەن تېز قايتىپ كەلدىم ۋە بۇ خەۋەرنى ئەشتەرگە يەتكۈزدۈم. ئىككىمىز تۆگىلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتىلغان چاغدا دەرەخلىككە يېتىپ باردۇق.

تەلمۈرۈپ يولغا چېكىپ ئاھۇ ۋاي،
كۈتۈپ ئولتۇردۇق، قايدا خۇش چىراي؟
بىردىن قوڭغۇراقنىڭ كەلدى ئاۋازى،
يەنى: «تۇر» دېدى ئۇ، چىقتى تولۇن ئاي.

ئەشتەر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، سۆيگىنىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ۋە سالام بېرىپ، قولىغا سۆيدى. مەن ئۇلاردىن نەزىرىمنى قاچۇردۇم ۋە باشقا ياققا يۈردۈم. ئۇلار مېنى چاقىرىپ: «يېنىپ كەلگىن، بىزنىڭ

سۆھبەتتىن باشقا ھېچقانداق ناشايان ئىشىمىز يوق» دېيىشتى. مەن قايتىپ كەلدىم. ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ۋە كەلگۈسى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشتى.

كېيىن ئەشتەر جەيدەگە:

— بۇ كېچە بۇ يەردە قېلىپ، كۆزلىرىم ئىنتىزارلىقىنى قاندۇرغايسەن، پاراغىتىڭ تىرنىقى بىلەن يۈزلىرىمنى تىرناپ، مېھرىڭ ئوتىدا قەلبىمنى ياندۇرغايسەن، — دېدى.

— خۇدا ھەققى، مەن تەلىپىڭنى ئورۇندىيالمايمەن، — دېدى جەيدە، — مېنىڭ ئۈچۈن بۇ جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ قىيىنراق ئىش يوقتۇر. سەن زامانىنىڭ يەنە ماڭا قەھرىنى چېچىپ، قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى، بالا ـ قازا دەرۋازىسىنىڭ ماڭا يەنە ئېچىلىشىنى ئىستەمسەن؟

— خۇداغا مىڭ قەسەمكى، سېنى قويۇۋېتەلمەيمەن ۋە ئېتىكىڭدىن قولۇمنى ئالالمايمەن.

كىم كەلسە كېلىۋەرسۇن،
نە بولسا بولۇۋەرسۇن!

— بۇ دوستۇڭ مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىشقا ھازىرمۇ؟ — دېدى شۇ چاغدا جەيدە.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە:

— نېمە دېسەڭ، شۇنى قىلىشقا ھازىرمەن، ھەتتا بۇ يولدا جېنىم كەتسىمۇ ئەمرىڭگە ئىنتىزارمەن، — دېدىم.

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ ماڭا ئۇزىتىپ دېدى:

— سەن كىيىملىرىڭنى سېلىپ ماڭا بەر، ئاندىن بۇ لىباسلىرىمنى كىيىپ، مېنىڭ چېدىرىمغا بار، پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇر. ئېرىم بىر قاچا سۈت ئېلىپ كېلىپ، ساڭا: «بۇ سېنىڭ كەچلىكىڭ، ئال» دەيدۇ. سەن ئۇنى ئېلىشقا ئالدىرىما. بىر ئاز ئۇندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئال. ئېرىم سۈتنى يا قولۇڭغا بېرىپ كېتىدۇ، يا يەرگە قويۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئەتىسى بامداتقا ئەزان چىققۇچە قايتىپ كەلمەيدۇ.

مەن جەيدەنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا جەيدەنىڭ ئېرى بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى. مەن خېلى ئۇزۇن «ناز» قىلدىم. ئۇ سۈتنى يەرگە قويۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

قولىدىن ئالماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا قاچىغا قولۇم تېگىپ كېتىپ، سۈتنىڭ ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى.
— ھەي، تېخى ماڭا قول كۆتۈرگۈدەك بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە قولىنى سوزۇپ كېيىك تېرىسىدىن ئۆرۈلگەن، سېپىغا ئۇنچە قادالغان، ئۇچىدا يىرتقۇچ ھايۋان تىرنىقىدەك تۈگۈنى بار قامچىسىنى ئالدى.

يوغانلىقتا زەھەرلىك يىلان،
ئۇزۇنلۇقى ئۇزۇن ئەجدىھادەك.
يىلان رەسىمىن سىزىشتۇر ئىشى،
لەۋھەسىدۇر ياپيالىڭاچ تەن.

كېيىن دۈمبەمنى ياپيالىڭاچ قىلدى ـ دە، جەڭ كۈنىدىكى دۈمباقچىدەك بىر قېلىپتا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئاۋازىمنى تونۇپ قالمىسۇن دەپ ۋارقىراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. دۈمبەمنىڭ تېرىسى تىتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاقەت قىلالماس ئىدىم. ئورنۇمدىن چاچراپ قوپۇپ خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كېكىردىكىنى تىلىپ قېنىنى تۆكمەكچىمۇ بولدۇم. ئەمما، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە چوڭ غوۋغا كۆتۈرۈلسە، بۇنى بېسىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدىم.
بۇ ئىشتىن جەيدەنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسى خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگۈچە تاقەت قىلدىم. ئۇلار كېلىپ مېنى ئاجرىتىپ، ئۇنى چېدىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.
بىردەمدىن كېيىن جەيدەنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى جەيدە دەپ ئويلار ئىدى... مەن يىغلاشقا باشلىدىم، نالە قىلدىم، بېشىمنى كىيىمىم بىلەن ئوراپ، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىۋالدىم.
— قىزىم، تەڭرىدىن ھېيىق، — دېدى ئۇ، — ئېرىڭگە ياقمايدىغان ئىشنى قىلما. ئېرىڭنىڭ بىر تال تۈكى مىڭ ئەشتەردىن ئارتۇقراقتۇ ئاخىر. ئەشتەرنىڭ كىم ئۆزى، سەن ئۇنى دەپ شۇنچە زەخمەت چېكىسەن ۋە بۇ ئازاب شەربەتلىرىنى ئىچىسەن.
ئارقىدىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— سىڭلىڭنى ئەۋەتىمەن، بۇ كېچە ساڭا ھەمدەم ۋە سىرىڭغا ھەمرەم بولسۇن، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن جەيدەنىڭ سىڭلىسى كېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. مېنى ئۇرغىنى ئۇچۇن يېزنىسىنى قارغىدى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى. شۇنىڭدىن كېيىن قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم ۋە:

— سېنىڭ ھەدەڭ ئەشتەر بىلەن بىللە، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ ئازابلارنى تارتتىم، بۇنى سىر تۇت، بولمىسا سىلەرمۇ رەسۋا بولىسىلەر، مەنمۇ شۇ، — دېدىم.

باشتا ئۇ بەك قورقۇپ كەتتى، كېيىن قورقۇش خەيرخاھلىق بىلەن ئالماشتى. ئۇ ئەتىسى تاڭغىچە بۇ قىسسىنى قايتىلاپ كۈلۈپ - كۈلۈپ چىقتى.

تاڭ يورۇغاندا جەيدە يېنىپ كەلدى، بىزنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە:

— ۋاي بۇ كىم يېنىڭىزدىكى؟ — دېدى.

— بۇ سىڭلىڭ، ئۇ بەك ئوبدان قىز ئىكەن.

— ئۇ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟

— ئۆزىدىن سورا، — دېدىم مەن، — ھازىر پۇرسەت يوق.

مەن ئۆز كىيىمىمنى كىيىپ ئەشتەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئىككىمىز تۆگىلىرىمىزگە مىنىپ يولغا چىقتۇق. يولدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ دۇمبەمنى ئېچىپ قامچا ئىزلىرىنى كۆردى ۋە كۆپتىن - كۆپ ئۆزرىخاھلىق قىلىپ دېدى:

— دانىشمەنلەر: «قىيىنچىلىق كۈنى دوست كېرەك، راھەت كۈنلىرىدە ئۇلار كۆپتۇر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن.

بىل ئەگەر ناگاھان غەمگە ئۇچرىساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.
كۈلپەت كۈنى سادىق دوستلىرىڭ كېرەك،
بەختلىك كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر.

### ھېكايەت

مىڭلاپ دانالار ئىشقىدا شەيدا، تونۇكۇن ئاستانىسىدە غوۋغا بولىدىغان بىر گۈزەلنىڭ چىرايى كۈن - ئايلار ئۆتۈپ، سولغۇنلۇق بالاسىغا

يۈزلەندى. ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن، ھەممە ياقتىن خۇنۇكلۇك كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاشىقلىرى ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ، بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي قويۇشتى. مەن ئۇلاردىن بىرىگە:

— ئۇ ساڭا يار بولغاننىڭ ئۆزىغۇ، شۇ قاش، شۇ كۆز، شۇ ئېغىز، شۇ لەۋ يەنىلا جايىدا، قامىتىنى دېسەڭ بۇرۇنقىدىن ئېگىزرەك، بەدىنى بولسا ئاۋۋالقىدىن كۆچلۈكرەك، بۇ نېمىدېگەن ۋاپاسىزلىق ۋە شەرمەندىلىك! نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە بېرىش ـ كېلىشنى توختاتتىڭ؟ — دېدىم.

— ھەيھات! — دېدى ئۇ، — نېمە دەۋاتىسەن؟ كۆڭلۈمنى ئالغىنى، ئەس ـ ھوشۇمنى ئوغرىلىغىنى ئەسلىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇد قەپىسىدىكى روھ ئىدى. ئۇنىڭ ئەزاسىنىڭ كېلىشكەنلىكى، بەدىنىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە ئاۋازىنىڭ يۇمشاقلىقى شۇ روھتىن ئىدى. ئەمدى روھ بۇ قەپەستىن كۆچتى. مەن قانداقسىگە بۇ جانسىز تەنگە مۇھەببەت قويىاي، سولغان گۈلگە قوشاق قاتاي:

باغ ئارا گۈل قالمىغاچ، مەن خارۇخەسنى نە قىلاي،
شاھ كېتىپ قالغان شەھەردە بىر نەپەسنى نە قىلاي؟
گەر قەپەس بولسا گۈزەللىك، تۇتىدۇر ئۇندا چىراي،
شېرىن ـ سۇخەن تۇتىسى ئۇچقاچ، مەن قەپەسنى نە قىلاي؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

## بەشىنچى رەۋزە

# شېئىر ۋە شائىرلىق بابىدا

قەدىمكى بىلىمدانلار ھۆكمىگە قارىغاندا، شېئىر شۇنداق بىر كەلىمىدۇركى، ئۇ مۇقەددىماتى خىيال، يەنى تىڭشىغۇچىنىڭ خىيال ـ پىكرىنى قوزغاتقۇچى ۋە مەنىسىنى ئۇنىڭغا ئىقبال كۆرسەتكۈچىدۇر. بۇ ھەقىقەت بولۇش ياكى بولماسلىقىدىن، بۇنىڭغا تىڭشىغۇچىنىڭ ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق. مەسىلەن: «مەي — لەئلدۇر، ئېرىتىلگەن ياقۇتتۇر» ياكى «بال — ھەسەل ھەرىسى چىقىرىپ تاشلىغان شور، ئاچچىق نەرسە» دېگەندەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، بىلىمدانلار بۇ يەردە ۋەزىن[1] ۋە قاپىيىنى[2] ئېتىبارغا ئالىدۇ. دېمەك ، شېئىر ۋەزىنلىك ۋە قاپىيىلىك كەلىمىدۇركى، ئۇنىڭدا خىيال ـ پىكىر ياكى ھەقىقەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۇنچىلىك ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس.

شېئىر ھەقىقەتەن گۈزەل، پەزىلەتكە ناھايىتى باي ۋە يۈكسەكتۇر. شېئىردىنمۇ بۈيۈك نەرسە، شېئىردىنمۇ سېھىرلىكرەك سېھىر بارمىدۇ؟!

بارمۇ نەرسە ھۆسنۈڭگە شېئىردىن كۆرە باي،
خېتىدىن چەتكە چىقماس خۇش چىراي.
ئەگەرچەندە كىرىشىپ كەتكەن بولسا دىل،
تەسەللى ۋە سەۋر قىلماسلىق مۈشكۈل.
ئۇنىڭ ھۆسنىگە قانچە دىل گاداي،
قاپىيىسىدە بار گۈزەل چىراي.

---

[1] ۋەزىن ـ ئۆلچەم، شېئىر ئۆلچىمى.
[2] قاپىيە (قافىيە) ـ شېئىرىي مىسرالار ياكى بېيىتلار ئاخىرىدا كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر.

رادىپ[1] خەلخالى[2] بېزەيدۇر ئاياق،
خەلخالدىن خىيال كۆپىيۇر مۇتلەق.
تەشبىھتىن[3] روھ ئايدەك جىلۋە قىلار،
يولدىن ئازغاننىڭ ئەقلىنى ئالار.
تەجنىستىن[4] چېچىنى ئىككىگە بۆلۈپ،
ئۇندىن ئىككى تال چاچ ئۆرۈمىن ئۆرۈپ.
ياقۇت لەۋلىرىدىن گۆھەر چاچىدۇ،
ئۆرۈم چاچلىرىغا گۆھەر ئاسىدۇ.
ئىيهام[5] كۆھىدىن قىسىلۇر كۆزى،
ئەنجۇمەندە[6] بولۇر پىتنىنىڭ ئۆزى.
يۈزىگە تاشلاپ مەجاز[7] چېچىنى،
پەردىدىن سوزدۇر ھەقىقەت تىلىنى.

شېئىر بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، قەسىدە[8]، غەزەل[9]،

---

[1] رادىپ ــ شەرق خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە مىسرا ياكى بېيىت ئاخىرىدا ئاساسىي قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان سۆز، ئىبارە. رادىپ بىر سۆز (قىسقا رادىپ) ياكى بىرنەچچە سۆز (يېپىق رادىپ)دىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

[2] خەلخال ــ ئاياغنىڭ ئوشۇقىغا تاقىلىدىغان بېزەك بويۇمى، پۇت قوڭغۇراقچىسى، شىلدىرما.

[3] تەشبىھ ــ ئوخشىتىش؛ مەجاز.

[4] تەجنىس ــ ئەدەبىياتتىكى شەكىلداش سۆزلەرنى ئىشلىتىش ۋە سۆزلەرنى شەكىلداش قىلىشتىن ئىبارەت بەدىئىي سەنئەت تۈرى؛ تۇيۇق ژانىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات، ياخشىلىق قىل، بالام، يامانلىقنى ئات، نەسىھىتىم ياد قىلىپ ئال، پەرزەنتىم، يالغۇز يۈرسە، چاك چىقارماس ياخشى ئات. «رەۋشەن» داستانىدىن.

[5] ئىيهام ــ بىر بېيىتتا مەنىلىرى ھەرخىل بولغان شەكىلداش سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللانغان ھالدا ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

[6] ئەنجۇمەن ــ يىغىن، ئولتۇرۇش، مەجلىس، بولۇپمۇ ئىلمىي يىغىن.

[7] مەجاز ــ سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئۆز مەنىسىدىن باشقا، كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە شۇنداق مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز، ئىبارە؛ مېتافورا؛ ئاللېگورىيە.

[8] قەسىدە ــ شېئىر تۈرى. كۆپىنچە ماختاش، مەدھىيە مەزمۇنىدا يېزىلىدۇ. ھەجۋىي ياكى دىداكتىك ــ ئەخلاقىي قەسىدىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. قەسىدىلەرنىڭ قاپىيىسى ئوخشاش بولۇپ، 50 ~ 60 بېيىتتىن تۈزۈلىدۇ.

[9] غەزەل ــ ئىشقىي لىرىكىلىق شېئىر تۈرى. بىرىنچى بېيىتنىڭ ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇپ، كېيىنكى بېيىتلارنىڭ ئىككىنچى مىسراسى بىرىنچى بېيىت مىسرالىرىغا قاپىيىداش كېلىدۇ. كۆپچىلىك شائىرلار يەتتە بېيىتلىق غەزەل يېزىشقان.

www.uyghurkitap.com

مەسنەۋى[1]، قىتئە[2] ۋە رۇبائىيلار[3]غا ئوخشاش.

شائىرلار بۇ شېئىرىي شەكىلدىن پايدىلىنىشتا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلەر ھەممە تۇرلەردە شېئىر يازغان، بەزىلىرى بولسا ئايرىم تۇرلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بەرگەن.

مەسىلەن، قەدىمكى شائىرلار مەدھىيە، ۋائىزلىق ۋە قەسىدىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكەن؛ بەزىلىرى مەسنەۋىگە ئەھمىيەت بەرگەن. كېيىنكى چاغلاردىكى شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى غەزەل يولىغا كىرىشكەن.

شائىرلار بەك كۆپ بولغاچقا، ھەربىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھېچ ئىمكانى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە داڭلىق شائىرنىڭناملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## رۇداكىي[4]

رۇداكىي ماۋەرائۇننەھردىن[5] بولۇپ، تۇغما ئەما. ئەمما، ئۇ شۇنچىلىك ئەقىللىق ئىدىكى، سەككىز يېشىدا قۇرئاننى يادلاپ قارىي بولغان ۋە شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئاۋازى يېقىملىق بولۇپ، ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇد چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنى نەسىر ئىبنى ئەھمەد سامانىي ئۆز ھامىيلىقىغا ئالغان.

ئېيتىلىشىچە، رۇداكىينىڭ ئىككى يۈز غۇلامى، تۆت يۈز تۆگىلىك مال - دۇنياسى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھېچقايسىسى

---

[1] مەسنەۋى – بېيىتلارنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولغان شېئىر تۇرى. كۆپىنچە داستانلار شۇ شەكىلدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، مەسنەۋى سۆزى داستان مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

[2] قىتئە – شېئىرنىڭ بىر تۇرى. باشلانما بېيىتىدە مىسرالار ئۆزئارا قاپىيىداش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قىتئە (پارچە) دېيىشكەن. قىتئەلەر كۆپىنچە پەلسەپىۋى ياكى ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي مەزمۇنغا ئىگە.

[3] رۇبائىي – تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل ئەسەر، رۇبائىي يازما ئەدەبىياتتا خەلق ناخشا - كۈيلىرىدىن كىرگەن. ئۇلاردا پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي پىكىرلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئىشقىي، ھەجۋىي رۇبائىيلارمۇ بار، ئەلۋەتتە.

[4] رۇداكىي – ئەبۇ ئەبدۇللاھ جەئفەر (858 – 941)، پارس - تاجىك شائىرى، ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ پەنجەكەنت رايونى پەنجرۇداك يېزىسىدا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

[5] ماۋەرائۇننەھر – دەريا ئارقىسى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يەرلەر، دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

بۇنچىلىك بايلىققا ئېرىشەلمىگەن.

ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يۈز دەپتەر بولغان. «شەرھى يەمىنىي»[1] كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر مىليون ئۈچ يۈز بېيىت ئىكەن.

شاراب توغرىسىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئۇنىڭ سۆزلىرىدۇر:

كۆرسە كىم ئۇ ھېچقىق رەڭ مەينى،
ئېرىتىلگەن ھېقىق دەپ سالدى.
ئىككىسى ئەسلىدە بىردۇر، ۋە لېكىن،
ئۇ ئېرىدى، بۇ مۇز بولۇپ قالدى.
ئىچمەي تۇرۇپ كەيپ باشتا قوزغالدى.

رۇداكىي مۇنۇ ئۆگۈتنىمۇ ئېيتقان:

قىلدى زامان ماڭا تولا قىممەت نەسىھەت،
ئەگەر بىلسەڭ، زامان تولا نەسىھەت ئېرۇر.
دېدى: «غەم يېمە ئۆزۈڭدىن ئۈستۈننى كۆرۈپ،
سەن بولۇشنى ئارزۇ قىلغان كۆپ كىشى باردۇر.»

بەزى تارىخلاردا يېزىلىشىچە، نەسىر ئىبنى ئەھمەد بۇخارادىن مەرۋە شەھرىدىكى شاھ جاھان قارارگاھىغا سەپەرۋەر قىلغانىدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ تۇرۇش مۇددىتى سوزۇلۇپ كەتتى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ خىيالى بۇخارا، نەسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ قەسرى ۋە باغلىرىغا باغلاندى. ئۇلار رۇداكىيغا زور ئىنئاملار بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، نەسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ بۇخاراغا قايتىپ كېلىش ئىستىكىنى قوزغىتالايدىغان بىر نەچچە بېيىت ئىجاد قىلىپ، ئۇد بىلەن ئورۇنلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ سەبۇھىي[2] ئىچىپ ئولتۇراتتى، رۇداكىي

---

[1] «شەرھى يەمىنىي» ـ تارىخچى ھەمىدىن مەھمۇد نەجاتىي نىشاپۇرىي 11 ـ ئەسىر تارىخچىسى ئەبۇ نەسىر ئۇتبىينىڭ كىتابىغا يازغان شەرھى. ئۇتبىينىڭ «كىتابۇل ـ يەمىنىي» (تارىخى يەمىنىي) ئەسىرىدە مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ.

[2] سەبۇھىي ـ تاڭدا ئىچىلىدىغان مەي.

www.uyghurkitap.com

مونۇ بېيتلارنى ئۇد ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇدى:

مولىيانىڭ[1] ھىدى بۇيان كېلەدۇر،
مېھرىبان يار ھىدى شۇئان كېلەدۇر.
ئامۇ قۇم ـ شېغىلى ئاياغ ئاستىدا،
پەردە يۇمشاپ، راھىتى جان كېلەدۇر.
قانچىلىك تاشسىمۇ ئامۇ سۇلىرى،
ئاتىمىز قارنىدىن تۆۋەن كېلەدۇر.
ئەي بۇخارا، خۇشال بول، ھەم شاد كۈلگىن،
سەن تەرەپكە شاھ ــــ شاد بول، ھەم شاد كۈلگىن،
شاھ ئايدۇركى، بۇخارا مىسلى ئاسمان،
ئاسمانغا ئاي نۇرلار چېچىپ كېلەدۇر.
پادىشاھ سەرۋى ھەم، بۇخارا بوستان،
بوستانغا سەرۋى تەخىرسىز كېلەدۇر.

بۇ مىسرالار نەسر ئىبنى ئەھمەدكە شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئۇ ئۆي كىيىمى ۋە كېپىش بىلەنلا ئاتقا مىنىپ، بىر مەنزىل يول يۈردى.

ئەمما، باشقا مەنبەلەردە سۇلتان سەنجەر ۋە شائىر مۇئىززى توغرىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايە سۆزلىنىدۇ.

## دەقىقىي[2]

دەقىقىي قەدىمكى شائىرلار جۈملىسىدىندۇر. فىردەۋسىي[3]

---

[1] مولىيا ــ بىر ئېرىق نامى.

[2] دەقىقىي ــ ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەدئىبنى ئەھمەد دەقىقىي بەلخىي (956 ــ 980)، پارس ـ تاجىك شائىرى؛ ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرى ۋە «شاھنامە» سىدىن مىڭ بېيىت ساقلىنىپ قالغان؛ «شاھنامە»نى يېزىۋاتقان چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن.

[3] فىردەۋسىي ــ ئەبۇلقاسىم تۇسىي (تەخمىنەن 934 ــ 1030)، تاجىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى. جاھان بەدىئىي پىكىر خەزىنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان چوڭ ئېپوس «شاھنامە»نىڭ مۇئەللىپى. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «فىردەۋسىي» «فىردەۋس ــ جەننەت» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «جەننەتىي ــ جەننەتلىك» مەنىسىنى بېرىدۇ.

«شاھنامە»نى دەقىقىي يازغان مىڭ بېيىتتىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ، ئاخىرىغا يەتكۈزگەن.
تۆۋەندىكى ئىككى بېيىت دەقىقىينىڭ شېئىرلىرىدىندۇر:

دىلىمغا جا قىلسام مەن پەرى ئەۋلادىدىن بىر يارنى،
تۇيۇقسىز يوقالدى كۆزدىن ئۇ پەرى تۇمان مىسالى.
كەتتى لەشكەر، لەشكەرلىرىمنى يەڭگەن ئۇ بۇت چۇنان،
ھېچ كىشى دىل بەرمىگەي، لەشكەرلەرگە بوغاي پايمال.

بۇ قىتئە ھەم ئۇنىڭدۇر:

بۇندا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم خار بولۇپ،
ئەزىز ئۇزاق تۇرۇپ قالسا بولۇر خار.
ئاقماي تۇرۇشىدىن كەتكۇسى سېسىپ،
يېمىش ئىچرە سۇ ھەم جىم تۇرسا بىسيار[1].

## ئىمارە[2]

ئىمارە سامانىيلار دەۋرىدە ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ يېقىملىق ۋە دىلكەش شېئىرلىرى بار، جۈملىدىن تۆۋەندىكى بېيىتلار شۇنىڭدۇر:

جاھان بىرنەچچە ۋاقىت قاردىن مەگەر كۈمۈش رەڭ بولۇپ تۇردى،
زۇمرەت كەلدىيۇ بىردىن كۈمۈشنىڭ ئورنىنى ئالدى.
باھار كەلگەندە ئۇل كەشمىر نىگارىستانى[3] ھەم بارچە
بوياقلارنى قىلىپ تەسلىم، گۈلىستان ھۆسنىگە سالدى.

---

[1] بىسيار ــ ئۇزۇن، ئۇزاق، چەكسىز: كۆپ، جىق.
[2] ئىمارە ــ ئەبۇ مەنسۇر ئىمارەئى مەرۋەزىي، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان شائىر، تەخمىنەن 1005 ـ يىلى ۋاپات بولغان.
[3] نىگارىستان ــ رەسىمخانا، ماي بوياق رەسىم ئىشخانىسى.

www.uyghurkitap.com

مۇنۇ قىتئە شۇنىڭدۇر:

جاھان سېنى ئەزىز قىلسا، بولما مەغرۇر،
ئۇزۇن ئۆتمەي خار قىلغۇسى بەلكىم جاھان.
جاھان — يىلان، يىلاننى كىم قىلسا تۇتقۇن،
ئاخىر بىر كۈن ئۆچ ئالىدۇ ئۇنىدىن يىلان.

تەرىقەت سۇلتانى شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير ماقاماتىدا[1] ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى بىر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مۆكۈنمەكنى ئىستەيمەن ئىچىگە ئۆز غەزەلىمنىڭ،
ئۆپۈپ ئالاي لېۋىڭدىن سەن ئوقۇغان زامانىڭ.

بۇ بېيىت شەيخكە بەك يېقىپتۇ ۋە ئۇ:
— بۇ بېيىت كىمنىڭكى؟ — دەپ سورىدى.
—ئىمارەنىڭ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
— تۇرۇڭ، ئۇنىڭ زىيارىتىگە بارماق زۆرۈر، — دەپتۇ شەيخ ۋە ھەممە مۇرىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىمارەنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىپتۇ.

## ئۇنسۇرىي[2]

ئۇنسۇرىي ئۆز زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ سەردارى بولغان. يەمىنۇد — دەۋلە مەھمۇد سەبۇق تېگىن[3] ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان. مۇنۇ رۇبائىي

---

[1] ماقامات (مەقامات) ـ ئورۇن، مەۋقە؛ ئورگان، يىغىلىش.

[2] ئۇنسۇرىي ـ ئەبدۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرىي (970 ـ 1040)، پارس ـ تاجىك شائىرى، غەزنەۋىلەر سارىيىدا «مەلىكۇششۇئەرا» (شائىرلار شاھى) ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، كۆپلىگەن قەسىدە ۋە بىرنەچچە داستان يازغان.

[3] مەھمۇد سەبۇق تېگىن ـ ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى سەبۇق تېگىن (967 ـ 1030)، دۆلەت ئەربابى ۋە ھەربىي سەركەردە، غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى سەبۇق تېگىننىڭ ئوغلى. ئۇ باغداد خەلىپىسى ئەل ـ قادىر تەرىپىدىن «يەمىنۇد ـ دەۋلە ۋە ئەمىنۇل مىللە» (دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە مىللەتنىڭ ئىشەنچى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. خارەزمدىن تارتىپ شىمالىي ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا بۈيۈك فېئودال دۆلەت قۇرغان. سارىيىغا كۆپلەپ ئالىم، شائىرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلغان.

ئۇنسۇرىدىن قالغان:

چىچەك ئۆز رەڭگىنى ئالمىش دىلىڭدىن،
ئىشقىمىز قايغۇسىن ئالمىش دىلىڭدىن.
يولۋاس كىبرى باردۇر دىلىڭدا سېنىڭ،
مۇمەدەك دىلىم سەنگىنى[1] ئالمىش دىلىڭدىن.

ئۇنىڭ سۇلتان مەدھىيىسىگە بېغىشلانغان مەسنەۋىلىرى كۆپ بولغان، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى «ۋامىق ۋە ئۇزرا» دۇر، ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىر ئەسرا قالمىغان.

## ئەسجەدىي[2]

ئەسجەدىي مەرۋلىك بولۇپ، يەمىنۇد ـ دەۋلە مەدداھلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى غەلىبىلىرىگە بېغىشلاپ قەسىدە يازغان. ئۇنىڭ مەتلەئى[3] تۆۋەندىكىچە:

سۇمنەتكە شاھ سەپەر قىلدى، ئېنىق يېقىن ـ يىراقى،
ئىشلارنى كۆر، سەپەر ئەمەس، مۆجىزاتنىڭ بايراقى.

قوغۇننى ماختاپ ئۇ شۇنداق دەيدۇ:

ئول زەبەرجەد[4] رەڭلىك، ئىپار ھىدلىق، تەمىدۇر ھەسەل،
ئۇد[5] ھىدى پۇراپ تۇرادۇر، تونى شاھى بەقەسەم .

---

[1] سەنگ ـ تاش.
[2] ئەسجەدىي ـ مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ساراي شائىرى، 1401 ـ يىلى ۋاپات بولغان.
[3] مەتلەئ ـ غەزەل ياكى قەسىدىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىلىنىدىغان بىرىنچى بېيىتى.
[4] زەبەرجەد ـ سارغۇچ يېشىل رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش.
[5] ئۇد ـ ياغىچى پۇراقلىق دەرەخ.

پىچسا يېڭى ئورغاق ئايدەك چىقار ھەربىر تىلىمى،
پىچسا ئاي كۈرسىدەك پارلاپ تۇرادۇر ئۇندا ھەم.

## فەررۇخىي①

فەررۇخىي يەمىنۇد ـ دەۋلە دەۋرىدە ياشىغان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتى تۇپەيلى خېلى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇ سەمەرقەند سەپىرىنى ئىختىيار قىلىپ، شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، قاراقچىلار ئۇنىڭ بارلىق مۈلكىنى بۇلىۋالغان. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ھېچكىمگە تونۇشلۇق بەرمەي، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، تۆۋەندىكى قىتئەنى يېزىپ قايتىپ كەتكەن:

باشتىن ـ ئاياغ كەزدىم سەمەرقەندنى مەن،
نەزىرىمدىن ئۆتتى باغ ـ راغ، تاغۇتاش.
دىنارۇ دىرھەمدىن چۆنتىكىم خالىي،
خۇشاللىقتىن خالىي بۇ دىلى بىباش②.
جەننەت بېغى، كەۋسەر سۈيى بىرلا دەپ،
شائىرلار، ۋائىزلار سۆزلەر ئاھاڭداش.
مىڭلاپ جەننەت بېغى، مىڭلاپ كەۋسەرنى،
بۇ يەرنىڭ بىر كىچىك بېغى ئېتەر پاش.
نازۇنېمەت ئىچرە بولمىسا پۇلۇڭ،
گويا ئالتۇن تاۋاقتا ياتقان كېسەك باش.

## فىردەۋسىي

فىردەۋسىي تۇس شەھىرىدىندۇر. ئۇنىڭ پەزىلەتى ۋە كامالەتى ھەممىگە مەلۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە «شاھنامە»دەك ئەسىرى بار كىشىنى ماختاش ھاجەتسىز. ئېيتىلىشىچە، ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل

---

① فەررۇخىي ــ ئەبۇ ھەسەن ئەلى فەررۇخىي سىيىستانىي غەزنەۋىلەر شائىرى بولۇپ، 11 ـ ئەسىرنىڭ يىرىك شائىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 1401 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

② بىباش ــ ئىتائەتسىز، تىزگىنسىز، سۆزگە كىرمەس.

بولغان. ئۇ باشقىلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئادالەت ئىزدەپ سۇلتان مەھمۇد پايتەختى — غەزنە شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ غەزنە بېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، مۇشائىرە ئېيتىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلارنى سۇلتاننىڭ مۇلازىملىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان فىردەۋسي ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالىنى ئېيتماقچى بوپتۇ. ئۇلار فىردەۋسىينى كۆرۈپ چۆچۈشۈپتۇ ۋە: «بۇ كىشى بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنى بۇزماقچى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە: «ياخشىسى ئۇ كەلگەندە بىز پادىشاھنىڭ شائىرلىرىمىز، بىز بىلەن پەقەت شائىرلارلا سۆھبەتتە بولالايدۇ، دەيلى ۋە ھەربىرىمىز بىر مىسرادىن ئۈچ مىسرا شېئىر ئېيتايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىز ئېيتقان شېئىرنىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى ئېيتالىسىڭىز، سىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىمىز، بولمىسا بىزنى كەچۈرۈڭ، دەپ ئۇنى يولغا سالايلى» دېيىشىپتۇ.

ئۇلار فىردەۋسي كېلىشى بىلەنلا كېلىشىۋالغان گەپنى ئېيتىپتۇ.

— قېنى، ئۇنداق بولسا، مىسرالىرىڭىزلارنى ئوقۇغايسىزلەر، — دەپتۇ فىردەۋسي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنسۇري ئوقۇپتۇ:

ئايمۇ جامالىڭدەك بولالماس روشەن،

ئارقىدىن ئەسجەدي ئوقۇپتۇ:

يۈزۈڭ تېڭى گۈلنى تاپالماس گۈلشەن.

ئۇنىڭغا ئۇلاپ فەررۇخى ئېيتىپتۇ:

كىرپىكىڭ ئوقىدىن تېشىلۇر جەۋشەن[1]،

فىردەۋسي بۇ مىسرالارنى ئىشىتكەن ھامان بەدىھە قىلىپ دەپتۇ:

گىۋ نەيزەسىن جەڭدە كۆرگەندەك پەشەن.

---

[1] جەۋشەن ـ قۇياق، ساۋۇت.

ئۇلار بۇ مىسرالارنى ئىشىتىپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە «گۇ ۋە پەشەن» قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىپتۇ. فىردەۋسىي ئۇ قىسسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي سۇلتاننىڭ ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئورۇن ئاپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنى جەننەت قىلدىڭ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە «فىردەۋسىي» دەپ تەخەللۇس قويۇپتۇ. فىردەۋسىي سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭغا «شاھنامە»نى يېزىشنى تاپشۇرۇپتۇ. فىردەۋسىي «شاھنامە»دىن مىڭ بېيىت يېزىپ، ئۇنى سۇلتاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سۇلتان ئۇنى ماختاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي ئوتتۇز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «شاھنامە»نى تاماملاپ، سۇلتاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە باشتا بېرىلگەن ۋەدىگە بىنائەن ئەسەرنىڭ ھەربىر مىسراسىغا بىر ئالتۇن دىنار ئېلىش ئۈمىدىدە بوپتۇ. سارايدىكى ھەسەتخورلار ئۇنى كۆرەلمەي: «بۇ شائىرنىڭ نېمە ئارتۇقچىلىقى بار؟ بۇنچە كۆپ ئىنئام ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ» دېيىشىپتۇ.

سۇلتان ئۇنىڭغا ئاتمىش مىڭ كۈمۈش دىرھەم ھەق بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. فىردەۋسىي بۇنىڭدىن بەك رەنجىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دىرھەملەرنى ئەكەلگەن چاغدا فىردەۋسىي ھاممامدا ئىكەن. ئۇ ھاممامدىن چىقىپ يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى ھاممام خوجايىنىغا، يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى بىرنەچچە قاچا ئارپا شارابى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن شارابچىغا، قالغان يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى بولسا، دىرھەمنى ئېلىپ كەلگەن مۇلازىملارغا بۆلۈپ بەرگەن ۋە قىرىق بېيىتلىك شېئىر يېزىپ، سۇلتاننى ھەجۋىي قىلغان. بۇ ھەجۋىيدە تۆۋەندىكى مىسرالار بار:

شاھلاردىن بولسا ئىدى بۇ شاھقا ئاتا،
كىيگۈزگەن بولاتتى تاجى زەر ماڭا.

ئانسى بولسا ئىدى ئەگەردە نەق خاندىن،
تىللاغا كۆمەر ئىدى مېنى نەق ساندىن.
ئۇلۇغلار نامىدىن بولار دىل سىياھ[1].
ئەگەر ئاچچىق يېمىشلىك كۆچەتنى سەن،
جەننەت بېغىغا ئەپ بېرىپ تىكسەڭ.
كەۋسەر سۈيى بەرسەڭ چاڭقىغان مەھەل،
ئوغۇت ئورنىغا بەرسەڭ سەن ھەسەل،
يېتىلگەندە ھوسۇل بېرىدۇ شەكسىز.
ۋە لېكىن يېمىشى بولىدۇ تەمسىز.
تېگى پەسلەرگە ھېچ ئۈمىد باغلىما،
قارا تون ئاقارماس، دىلىڭ داغلىما.
جاھانگىرنىڭ نامى بولغىنىدا پاك،
بىلىمدانلار دىلى بولماس ئىدى چاك.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ھەرقانچە ئىزدىشىپمۇ تاپالماپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ۋەزىر خوجا ھەسەن مەيمەندىي شىكارگاھدا «شاھنامە»دىن ئەينى كەيپىياتقا لايىق بىر قانچە بېيىت ئوقۇپتۇ. بۇ بېيىتلار سۇلتانغا ناھايىتى يېقىپتۇ ـ دە، ئۇ:

ـــ بۇ شېئىر كىمنىڭكى؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ فىردەۋسىينىڭ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر .

سۇلتان ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ ۋە فىردەۋسىينىڭ ھەققى بولغان ئاتمىش مىڭ ئالتۇن دىنارنى مەخسۇس ئۇستۋاش بىلەن قوشۇپ تۇس شەھرىگە ئەۋەتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمما، شائىرغا ئامەت كۈلۈپ باقماپتۇ. ئېيتىلىشىچە، سۇلتاننىڭ ھەدىيىسى تۇس قوۋۇقىدىن كىرىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر قوۋۇقتىن فىردەۋسىينىڭ تاۋۇتى چىقىۋاتقانىكەن.

فىردەۋسىينىڭ بىر قىزى قالغانىكەن، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىپتۇ. ئۇ ئىنئامنى: «مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يەتكۈدەك مال ـ بىساتىم

[1] دىل سىياھ ــ كۆڭۈل غەشلىكى، خاپىلىق.

بار، بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق» دەپ چىرايلىقچە رەت قىپتۇ.
سۇلتاننىڭ مۇلازىملىرى بۇ دىنارلارنى شۇ يەردە رابات قۇرۇشقا سەرپ قىپتۇ.

كىشى قەدرىنى بىلىش ياخشى، ئېگىلگەن ئاسمانغا باق،
تۇرۇپتۇ ھادىساتتىن ئوق تېرىپ، ئاتماق بولۇر ھەر دەمدە.
كېتىپ ئالەمدىن ئول مەھمۇد، يوقالمىش شاۋكەت ـ شانى،
قەدىرسىز قىلدى شائىرنى، دېگەن گەپ قالدى ئالەمدە.

## ناسىر خۇسرەۋ[1]

خۇسرەۋ ئەنسارىينىڭ ئوغلى ناسىر خۇسرەۋ شېئىر سەنئىتىگە ماھىر، ھېكمەت ئىلمىدە كامىل ئىدى، ئەمما دەھرىيلىكتە ئەيىبلەنگەنىدى.

ئۇنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق كىتابى بار، ئۇ كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولغان ۋە ئالىملار بىلەن سۆھبەتلىرىنى نەزم قىلىپ يازغان. ئۇنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىنى ئەينۇلقۇززات[2] ئۆزىنىڭ «زۇبدەتۇل ـ ھەقايىق» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن:

كۆپ ئازاپ چەكتىم مەن بۇلغارىيلاردىن،
شۇ سەۋەب ئەرزىيدۇ پىغان ئەيلىسەم.
بۇلغارىيلارنىڭ ھەم يوقتۇر گۇناھى،
ئەي خۇدا، پىتنە ئۆزۈڭدىندۇر، راست ئېيتسام.

---

[1] ناسىر خۇسرەۋ ـ تولۇق ئىسمى ـ شەرىپى: ئەبۇ مۇئىنىددىن ناسىر خۇسرەۋ ئەل ـ قۇبادىيانىي (1004 ـ 1088)، پارس ـ تاجىك شائىرى، مۇتەپەككۇرى. مەھمۇد غەزنەۋى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد سارىيىدا مىرزىلىق قىلغان. ئۇ يەتتە يىل سەپەر قىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىنى پىيادە كېزىپ چىققان ھەم بۇ توغرىسىدا «سەپەرنامە» ناملىق بىر قىزىقارلىق كىتاب يازغان.

[2] ئەينۇلقۇززات ـ شائىر ۋە تەسەۋۋۇپچى ئالىم ئەبۇل فەزايىل ئەبدۇللاھ مىيەنجىينىڭ لەقىمى: ئۇ ھەمەداندا ياشاپ فىقھە (قانۇنشۇناسلىق) دىن دەرس بەرگەن؛ «زەبدەتۇل ـ ھەققايىق» («ھەقىقەتلەر قايمىقى») ناملىق كىتاب يازغان؛ 1139 ـ يىلى كۇپپارلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.



uyghurkitap.com

قورقمەن ئېيتىشتىن، يوق مەندە ئىمكان.
چىن گۈزەللەرنىڭ لەۋ ـ چىشلىرىنى،
كېرەك ئەمەس ئىدى بۇنچە سۆرەتلەش.
ئۇلارنى كۆرگەندە ھەيرەتتە قېلىپ،
لازىم ئەمەس ئىدى بارماقنى چىشلەش.

## ئەمىر مۇئىززىي[1]

مۇئىززىي سۇلتان سەنجەر ئىبنى مەلىكشاھ دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر يازغان. مۇئىززىي تەخەللۇسىمۇ سەنجەر نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇئىززىي ئېرىشكەن شۆھرەتكە ۋە يېتىشكەن ئالىي دەرىجىگە پەقەت بىرنەچچە شائىرلا ئېرىشكەن.

پەقەت ئۈچ شائىرلا ئۈچ دۆلەت سايىسىدە بەختىيارلىق تاپقان، دېيىشىدۇ: بىرى رۇداكىي، سامانىيلار دۆلىتىدە؛ ئىككىنچىسى ئۇنسۇرىي، مەھمۇد دۆلىتىدە؛ ئۈچىنچىسى مۇئىززىي، سەنجەر دۆلىتىدە.

مۇئىززىي تۆۋەندىكى سەۋەب تۈپەيلى قازا قىلغانىدى:

بىر كۈنى سۇلتان چېدىرىدىن چىقماي تۇرۇپ ئوق ئاتقانىدى، ئۇ ئوق تاشقىرىدا تۇرغان مۇئىززىيغا خاتا تېگىپ كەتتى. شائىر شۇ زامان جان بەردى .

تۆۋەندىكى بىرنەچچە بېيىت ئۇنىڭ ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ يازغان قەسىدىلىرىدىندۇر:

ئەي تۆگىچى، توختىمىغىل تا كەلمەي يار مەنزىلى،
ۋەيرانىسى ئۆزرە تۇرۇپ، ۋەيران بولۇر ئاشىق دىلى.
ئاستانىسىن خۇن قىلۇر، ۋەيرانىسىن جەيھۇن[2] قىلۇر،
تۇپراقلاردىن گۈلگۈن قىلىدۇر كۆزۈمدىن ئاققان خۇن سېلى.
يارنىڭ قىزىل مەڭزىدىن ھەم لەۋلىرى خەندانىدىن،
سەۋر قامىتى جەۋلانىدىن ئايرىلدىمۇ بوستان گۈلى.

---

[1] ئەمىر مۇئىززىي ـ سەلجوقىيلار دەۋرىدە ياشىغان يىرىك شائىر؛ سەنجەر (1118 ـ 1157) دەۋرىدە ئۇ شائىرلار ئەمىرى ئۇنۋانىنى ئالغان؛ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، مەنبەلەردە 1126 ـ 1147 ـ يىللار دېيىلىدۇ.

[2] جەيھۇن ـ ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكىناملىرىدىن بىرى.

بۇندا تۇرۇردى دىلىستان، دوستلارغا تولغان بوستان،
ئەمدى بۆرىلەرگە ماكان يا قاغىلارنىڭ مەنزىلى.

## ئەدىب سابىر تىرمىزىي[1]

ئەدىب سابىر تىرمىزىي شېرىن سۆزلۈك شائىر ھەم دانا ئالىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جازىبىدارلىق ۋە گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەن. پارىل شائىرلار ئۇنىڭ سۆز سەنئىتىگە قايىل بولۇشقان. مەسىلەن، ئەنۋەرىي[2] ئۆز كامالىتىنى سىناپ ئۆتكەن بىر قىتئەسى ئاخىرىدا سابىرنى ئۆزىدىن ئۈستۈن قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

بارچىسىن قوي، تازا شېئىرىم بىرلەن كەلگەنمەن ھامان،
گەرچە سابىر بولمىسامۇ، مەن سەنايى تائىپە.

تۆۋەندىكىلەر سابىر شېئىرلىرىدىن نەمۇنە:

ئاي يۈزۈڭ جەننەتتۇر، لېۋىڭ سەلسەبىل[3]،
جەننەت، سەلسەبىلنىڭ ئۈچۈن جان سەبىل[4].
ئىشقىڭدا دىل تائەت قىلىپ بىلدىكىم،
تائەتتىن مۇرادى: جەننەت سەلسەبىل.
يۈزۈڭ شولىسىدىن زۆھرە قامىشۇر،
قۇياش جامالىڭدىن بولىدۇ خىجىل.
سەندە باغدات ھۆسنى، مىسىر جامالى،
باغدات ھۆسنى دەجلە، مىسىرنىڭكى نىل.

---

[1] ئەدىب سابىر تىرمىزىي ــ شاھابىددىن ئىبنى ئىسمائىل (1078 ــ 1147) ــ شائىر، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانغان.
[2] ئەنۋەرىي ــ ئەۋھەدىددىن مۇھەممەد ئەنۋەرىي 12 ـ ئەسىرنىڭ بۈيۈك شائىرى بولۇپ، قەسىدىچىلىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شېئىرىيەتنىڭ بۇ تۈرىنى ۋە ساراي شائىرلىقىنى قارىلىغان؛ 1169 ـ يىلى ۋاپات بولغان.
[3] سەلسەبىل ــ جەننەت بۇلىقى.
[4] سەبىل ــ پىدا، بېغىشلىماق، قۇربان قىلماق.

ھىجرانىڭ يۈكىدىن قەددىم بولدى دال[1]،
ئىشقىڭ يارىسىدىن يۈزلىرىمدە نىل[2].

دۆلەت قورالىدۇر دۇۋەت، ئەي ئوغلۇم،
بىباش بۇ دۆلەت ئۇ بىلەن رام بولسۇن.
دۇۋەتنى گەر دۆلەت قىلماق ئىستىسەڭ،
ئەلىفگە[3] سىزىق قوش، تاكى لام[4] بولسۇن.

## ئەنۋەري

ئەنۋەري دانا ۋە پازىل كامالەت ئىگىسى. شېئىرلىرىنىڭ ھۆسنى كامالى ۋە نەزملىرىنىڭ لۇتفۇجامالى ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىدىن پەقەت بىر تامچىلا، خالاس. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەشھۇر بولۇپ، توپلام قىلىنغاندۇر. ئۇ تۆۋەندىكى قىتئەنى شائىرلارغا نەمۇنە قىلىپ يازغاندۇر:

كېچە بىر شائىر دېدى: « يازماقتۇدۇر سەنمۇ غەزەل؟»
مەن دېدىم: « قول شىلتىدىم مەدھىدىن ھەم، ھەجۋىيدىن ھەم».
ئۇ دېدى: «نەچۈن؟»، دېدىم: «ئازغۇنلۇق ئىكەن ھەممىسى،
ئۆتتى ئازغۇنلۇق، بۇ تەبىئكە قايتا كەلمەيدۇ ھېچ ھەم.
ھەم غەزەل، ھەم مەدھۇ ھەجۋىيات يازاردىم شۇل ئۈچۈن،
كى غەزەپ ئۈستىگە ھېرىس ـ شەھۋەت بەرى بولغاندى زەم[5].
قىستار ئىدى تۈنلىرى شەھۋەت ئىتى ياز ـ ياز دېبان،
ئول شېكەر لەۋب ۋەسفىنى قەددى بەئەند زۇلفى ھەم.
ھېرىس بولسا كۈنلەر بويى بەرمەستى ئارام بىر نەپەس».

---

[1] دال ــ «د» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى؛ بۇ يەردە «قەددىم يادەك ئېگىلدى، پۈكۈلدى» مەنىسىدە.
[2] نىل ــ كۆك رەڭ؛ بۇ يەردە «ئىشقىڭ يارىسىدىن يۈزلىرىم سارغىيىپ كۆكىرىپ كەتتى» مەنىسىدە.
[3] ئەلىف ــ «ا» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى.
[4] لام ــ «ل» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى.
[5] زەم ــ قوشۇلماق، قېتىلماق.

دەردى: «قايدىن بولسا ھەم تاپماق كېرەكتۇر بەش دىرەم».
نەق قۇترىغان ئىت كەبى كۆڭلۈم ئارا ھېرىسۇغەزەپ،
ئىستىدى كىم دۇنيادىن بۇنى، بولغۇسى پەس ۋە كەم،
ئاخىرى بۇ ئۇچ ئىت دەستىدىن ئىلاھىم ئەتتى خالاس،
بۇ مەن ئاڭسىز بەندىگە مېھرۇ ھېدىيات ھىم كەرەم.
ھەجۋىيات، مەدھۇغەزەللەرنى يېزىپ، (ئاللا كەچۈر)،
كۆپ كىشىگە قىلدىم جاپا، ئاقىللارغا زور سىتەم.
ئەنۋەري، لاپ ئۇرماق ئەمەس مەردكە ئادەت ھېچ مەھەل،
لاپ ئۇرۇشتىن ياندىڭمۇ، ئەمدى مەرد بول، قويغىل قەدەم.
ئۆمرۈڭ نىجاتىن ئىزدىگىل ئەمدى بىر يولۇڭ تېپىپ،
كۆپ ئۇزاق بارمايدۇ ئۆمۈر، ئۇ پەقەت ئۇچ ـ تۆتلا دەم...

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىشىلەر غور ھاكىمىغا ئەنۋەري سىنىڭ توغراڭدا ھەجۋىي يازدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. غور ھاكىمى ھىرات ھاكىمىغا ئەنۋەرىيگە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، مەكتۇپ يوللاپتۇ. ئەسلىدە غور ھاكىمى ئەنۋەرىيدىن ھەجۋىي يازغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولغانىكەن. ھىرات ھاكىمى بۇ ئىشنى ئەنۋەرىيگە ئۇچۇق دېمەستىن، ئۇنىڭغا غور ھاكىمىنىڭ ئىلتىماسى توغرىسىدا مەكتۇپ يوللاپ، تۆۋەندىكى تۆتلۈكنى مەكتۇپقا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ:

بۇ ھايات ئەسلىدە شۇنداق سۆز دەيدۇ:
«ھەر ئىشىمدا مۇدھىش، كۈچ ـ قۇدرىتىم بار.
كۆز يېشى تۆكمەكتۇر ئىشلىرىم مېنىڭ،
كۈلگىنىمدە ياشىرىپ تۇرسىمۇ باھار».

زىرەك شائىر بۇ شېئىرنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ دە، غور ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىغا بارماسلىقتا بىر باھانە تېپىپتۇ. ھىرات ھاكىمى بۇ باھانە بىلەن غور ھاكىمىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.
كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي غور ھاكىمى ھىرات ھاكىمىغا يەنە بىر مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئەنۋەرىينى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ ھەم بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن مىڭ تۇياق قوي بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىرات

ھاكىمى ئەنۋەرىيگە ئادەم ئەۋەتىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەمدى سەن خالىساڭ ـ خالىمىساڭ، غورغا بېرىشىڭ كېرەك. چۈنكى، غور ھاكىمى سېنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن ماڭا مىڭ تۇياق قوي بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەرىي ھاكىم ھۇزۇرىغا كېلىپ:

ــ ئەي شاھىم، ئەجەبا سىلى باشقا بىر ھۆكۈمدار مىڭ تۇياق قوي باھا قويغان كىشىنىڭ ئۆز ھۇزۇرلىرىدا ھەقسىز خىزمەت قىلىشىنى خالىمامدىلا؟! رۇخسەت قىلسىلا، تاكى ئۆمرۈم ئاخىرىغىچە يېقىنلىرى ئارىسىدا سىلىگە ساداقەت كۆرسىتىپ، خىزمەتلىرىدە بولاي ۋە ھەربىر قەدەملىرىنى ماختاپ سۆز جەۋھەرلىرىنى چاچاي، ــ دەپتۇ.

بۇ سۆزلەر ھىرات ھاكىمىغا بەك يېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ شائىرنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ.

## رەشىدىددىن ۋەتۋات[1]

ئۇ ماۋەرائۇننەھر شائىرلىرىدىندۇر. ئۆز دەۋرى شائىرلىرىغا يېتەكچى ئىدى. شېئىر سەنئىتى توغرىسىدا «ھەدائىق ئۇس ــ سېھر» («سېھىر باغلىرى») كىتابىنى يازغان. ئۇ بىر ۋەزىرگە قارىتا شۇنداق دېگەن:

سەن ۋەزىرسەن، مەن سېنىڭ مەدداھىڭ،
سوۋغىسىز بوش قولۇم ساڭىمۇ راۋا.
ۋەزىرلىكىڭ ماڭا تاپشۇرۇپ كۆرچۇ،
نە بولۇر كۆرۈرسەن شائىرغا ئاتا.

تۆۋەندىكى ئىككى رۇبائىينىمۇ ئۇ يازغان:

يۈزلىرىنىڭ يادىدا يۇرىمەن نالان[2]،
سەن خەۋەرسىز، كېزىپ چىقتىمغۇ جاھان.

---

[1] رەشىدىددىن ۋەتۋات ــ (ئەسلىي ئىسمى ـ شەرىپى: مۇھەممەد بىن ئەبدۇلجەلال ئەل ـ ئۇمەرىي (1087 ــ 1183 ــ1177)؛ تەخەللۇسى: ۋەتۋات ــ شەپەرەڭ؛ ئەدىبنىڭ جۇغى كىچىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان؛ شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم.

[2] نالان ــ نالە، پىغان.

بارچىدىن قول ئۈزدۈم سەنسىز، ئەي جانان،
ئۆتكەن ئۆمۈر ئۆتەر باشقىسىز ئاسان.

كۆزلىرىمدە دائىم دوستۇم سۈرىتى،
دوست سۈرىتى ئەمەسمۇ دوستۇم كۆزۈم دۆلىتى.
ئاجرىتىپ بولمايدۇ دوستنى كۆزلەردىن،
بىلمەيمەن كۆزمۇ بۇ يا دوست نېمىتى؟

## ئەفزەلىددىن خاقانىي[1]

ئەفزەلىددىن خاقانىي شېئىر سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ئەجەم ھەسسەنى[2]» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شېئىري ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدەك شېئىر يازغانلار ئازدۇر.

ئۇ نەسىھەت ۋە ھېكمەتتە ھەكىم سەنائىي يولىدىن ماڭغان. مەنىلەر بابىدا ئۆز دەرۋىشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدا ئىپتىخار بىلەن مۇنۇ قىتئەنى يازغان:

مېنىڭدەك شائىر بارمۇ، يايدىم داستىخان،
ئۇۋاق تېرىۋر ئۇنسۇرىي ۋە پىرى رۇداك.
نامىم ئۆچمەس ئەسىرلەر دانالىق بىلەن،
ھېكمەتتىن بايلىقىم كۆپ، ھېرىس يوقتۇر ئانداق.

ئۇنى تەرىپلەپ رەشىدىددىن ۋەتۋات دەيدۇ:

ئەي شەرەپ ئاسمىنىنىڭ قۇياشى — ماھى[3].
ئەي پەزىلەت تەختىنىڭ شەۋكەتى — شاھى،

---

[1] ئەفزەلىددىن خاقانى ــ تولۇق ئىسمى ـ شەرىپى: ئەفزەلىددىن بەدىل ئىبنى ئەلى (1120 ــ 1199)، ئەزەربەيجان شائىرى. پارس تىلىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋى يازغان.

[2] ئەجەم ھەسسەنى ــ پارس، ئىران گۈزىلى مەنىسىدە.

[3] ماھ ــ ئاي.

ئەفزەلىددىن ئۆزۈڭ سەن پەزل يۆلەنچى،
ھەر سۆزۈڭ ئىمانىنىڭ تەكىيە ـــ تايانچى.

تۆۋەندىكى تۆتلۈكمۇ ئۇنىڭ قىتئەلىرىدىندۇر:

گۈزەللەرگە بەرمە كۆڭۈل، خاقانىي،
بۇندىن ئەقىل خىرەلىشۇر بىگۇمان .
گۈزەللەرنىڭ چېھرى گويا بىر كۆزگۈ،
يۈزى يورۇق، قاپقارادۇر ئول تامان.

ئۇنىڭ «تۇھفەتۇل ـــ ئىراقەين» («ئىككى ئىراق تۆھپىسى») ناملىق مەسنەۋىسىمۇ بار. تۆۋەندىكى بىرنەچچە بېيىت شۇ مەسنەۋىنىڭ باشلىنىشىدۇر:

غەمكىن تىكىلىمىز دۇنيا ئىشىغا،
دائىرە بىلەن كۆك گۈمبەز خان بۇندا.
گۈمبەز ۋە دائىرە تا ئۆز جايىدە،
جايىدا ئۆمۈر زەمزى تەرتىپ ـ قائىدە.
شۇلار گەدىنىدە ئەجەب بىر پەرمان،
دائىرە جايىدا ئايلىنۇر ئاسمان.
ئەجەب ھالەت كېلەر كېچە يا كۈندۈز،
بۇلاردىن تۇغۇلۇر تۈن ياكى كۈندۈز.
ۋاقتى يەتتى، كەلسە ۋاقتىنىڭ ئاخىرى،
ئاخىر ئېلىپ كەتسە يوقلۇق ئەمرى.
ۋاقتى كېلىپ، تۆت ھامىال بىرمۇبىر،
تەختىراۋانلىرىن قويسا گەر ئاخىر،
ۋاقتى كېلىپ يۇلتۇز ئۇلاغلىرى ھەم،
تۇياق ـ تاقلىرىن تاشلىسا باھەم.

www.uyghurkitap.com

## فەخر جورجانيي[1]

ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ پازىل ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ كامالىتى، شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى ھەم ھازىر جاۋابلىقىنىڭ ناماياندىسى «ۋىس ۋە رامىن» ناملىق داستاندۇر. ھازىر بۇ كىتاب ئېتىبارلىق بولۇپ، كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ. مۇنۇ بېيىتلار شۇ كىتابتىن سۈزۈپ ئېلىنغاندۇر:

ئالەمنى بىلگەنلەر دەيدۇلەر چۇنان،
جەڭنى چەتتە تۇرۇپ كۆرمەكلىك ئاسان.

ئاشۇ ئالتۇن قاچا كىرەكمەس ماڭا،
ئەگەر ياۋلار قىنىم سالماق بولسا ئاڭا.

يىلاننىڭ بالىسى يىلاندۇر، يىلان،
زەئىپ شاختىن يامان مېۋىدۇر نىشان.

سەپەر ئاسان ئېرۇر ساقلىقتا ھەر ۋاق،
زەئىپ، بىمارلىقتا نېچۈك بولۇر، باق.

نەرگىس گۈلى كۆزگە كۆرۈنۇر گۈزەل،
ئەمما ئاچچىق قاتىل چاينىغان مەھەل.

گۇناھ ئەلدىن يوشۇرماق، جىم ئولتۇرماق، ئەمما ئۇندىن يالغان سۆزلىمەك.

خان ـ خاقان گوياكى ئوت ـ يانغىن ئوخشاش،
يانغىن كەبى ئېگىزگە سوزۇدۇن ئۇ باش.
شىجائەتتە ئەگەر شىر، كۈچتە بولساڭ پىل،
كۆيدۇرگۈسى، يالقۇنغا تاشلانما دادىل.

---

[1] فەخر جورجانيي ــ فەخرىددىن ئەسەس گورگانيي، 11 ـ ئەسىر شائىرى.

## نىزامىي[1]

نىزامىي گەنجىلىكتۇر. ئۇنىڭ كامالىتى ۋە پەزىلىتى روشەنكى، شەرھلەش ھاجەت ئەمەستۇر. «بەش خەزىنە» ناملىق كىتابىدا ئېرىشكەن نازاكىتى ۋە لاتاپىتى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان، بەلكى ئومۇمەن ئادەمزات قۇدرىتىدىن تاشقىرىدۇر. بۇ كىتابتىن باشقىمۇ شېئىرلىرى بار، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇنۇ غەزەل شۇلار جۈملىسىدىندۇر:

زەھمەت دانىلىرى بۇغداي يۈزى ئايدىندۇر،
تۈن بويى رەڭگىم سامانۇ دىل ئۆزە تولغان قاندۇر.
سۇنبۇل ئۈستىدە پىشىپتۇر ئۇشبۇ بۇغداي دانىسى،
باشقى كەمتەرىنۇ سۇنبۇللار ئاسمانىدۇر.
مەن زادى تېتىمىدىم بۇغدايىنى، سەۋرىم يەپ،
كۈتىمەن ئەمدى قوغلانماق بۇ بېھىشتىن، راستتۇر.
ئىككى زۇلفى[2] تارازىسىدا خال ئارپا دېسەم،
يەنە بۇغداي تىلەيمەن، بەسكى سۆزۈم مەۋزۇندۇر[3].
غەمىدىن قەلبىم ئېرۇر مىسلى پۇچۇق بۇغدايدەك،
ئەي نىزامىي، قايغۇدىن ئارپا بولۇشۇم مۇمكىندۇر.

## سەلمان ساۋەجىي[4]

سەلمان ساۋەجىي ئىپادە ۋە ئىشارىدە تەڭداشسىز، گۈزەل سۆزلۈك

---

[1] نىزامىي گەنجىۋى ـ ئەسلىي ئىسمى ـ شەرىپى: ئەبۇ مۇھەممەد ئىلياس ئىبنى يۈسۈف ئىبنى زەكىي مۇئەييەد (1141 ـ 1209)، ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەرى، پارس تىلىدا ئىجادىيەت قىلغان، خەمسىچىلىكنىڭ باشلامچىسى. ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلار ئىجادىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

[2] زۇلف ـ چاچ، ئۆرۈم چاچ.

[3] مەۋزۇن ـ كېلىشكەن، خۇش پىچىم، خۇش قامەت.

[4] سەلمان ساۋەجىي 1300 ـ 1385) ـ شېئىرىيەتتە كامالەتكە يەتكەن، فورمالىستىك قەسىدىلەرنى يازغان پارس شائىرى. ئۇ بىرقانچە داستان يازغان بولۇپ، «جەمشىد ۋە خۇرشىد» شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

شائىر. ئۇ ئۇستازلارنىڭ قەسىدىلىرىگە جاۋابەن قەسىدىلەر يازغان. ئۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستازلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەن، بەزىلىرى ئۇلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، بەزىلىرى تەڭ كېلىدۇ. ئۇ قەسىدىلەردە ئۆزگىچە ئىپادىلەر ۋە ئوبرازلار ناھايىتى كۆپ. سەلمان ساۋەجىينىڭ ئۇستازلاردىن، بولۇپمۇ كەمال ئىسمائىلدىن ئالغان ئوبرازلىرىمۇ كۆپ. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرغا نۇقسان يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوبرازلار ساۋەجىي شېئىرلىرىدا شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن تېخىمۇ يېقىملىق بولغان.

ياخشى مەزمۇن ــــ پاك بەدەننىڭ شاھتى،
ھەر قېتىم ئۆزگە لىباس كىيسە ھەم.
ئار كەلتۈرەر ئۇنىڭغا ئەسكىرىگەن كىيىم،
مەزمۇنغا يارىشا كىيىم بەر ھەردەم.
ھۈنەر شۇكى، كونا چەكمەن ـ لىباسنى،
يېشىپ، كىيدۈرەلىسەڭ شاھى بەقەسەم.

ئۇنىڭ ئىككى مەسنەۋى كىتابى بار: بىرى «جەمشىد ۋە خۇرشىد» بولۇپ، ئۇ ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغاچقا، بەدىئىي ئەدەبىيات چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئىككىنچىسى، «پىراقنامە» دېگەن داستان بولۇپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە مىسرالىرى گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭمۇ بەدىئىي سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، دىلغا ياقىدۇ. ئەمما، غەزەلدىن مەقسەت ئىشىق ـ مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىشتۇر، ئۇنىڭ غەزەللىرى بۇنىڭدىن خالىي بولغانلىقتىن، زەۋق ئەھلىنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ. ئۇنىڭ قىتئەلىرىدىن بىرى بۇدۇر:

ئەي دىل، ھېرىس قۇچاقىن بولماس تولدۇرۇپ،
ئوتتۇرى بوش «تەمە» سۆزىگە لەنەت.
ئەزىزىم، دەرۋىشلىك ئىشىكىنى قاق،
تەمە خارلىق بېرەر، قانائەت ئىززەت.
باي ئايىغى تىيىپ كەتسە، كۆپ ئېغىر،
دەرۋىش سائادەتىن بىلگىل قانائەت.

## شەيخ سەئدي شىرازىي[1]

ئۇنىڭ ئىتى مۇسلىھىددىن، «سەئدي» تەخەللۇسى ئۇنىڭ ھامىيسى نامىدىن ئېلىنغان. ئۇ غەزەلگۈي شائىرلارنىڭ يېتەكچىسىدۇر. ئۇنىڭغىچە ھېچكىم غەزەلنى ئۇنىڭدەك يازمىغان. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممە تائىپىدىكىلەرگە يارايدۇ.

## ھافىز شىرازىي[2]

شائىرلارنىڭ يولباشچىسى ھافىز شىرازىينىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ناھايىتى گۈزەل ۋە تەبىئىي، بەزىلىرى بولسا مۆجىزىگە يېقىن. راۋانلىقتا ۋە يارقىنلىقتا زەھىري قەسىدىلىرى باشقىلارنىڭ قەسىدىلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەندەك، ھافىز غەزەللىرىمۇ باشقىلارنىڭ غەزەللىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىري زەۋقى نىزارىي كۇھىستانىنىڭ بەدىئىي زەۋقەگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، نىزارىي شېئىرلىرى ھافىز شېئىرلىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلاردا پەزىلەتلەر بولۇش بىلەن بىرگە كەمچىلىكلەرمۇ بار.

ھافىز شېئىرلىرى سۈنئىيلىكتىن خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «لىسانۇل — غەيب» («غايىبنىڭ تىلى») دېگەن نام بېرىلگەن.

---

[1] شەيخ سەئدي شىرازىي — تولۇق ئىسمى ـ شەرىپى: مۇسلىھىددىن ئەبۇ مۇھەممەد ئەبدۇللاھ ئىبنى مۇشەررىفىددىن (1210 — 1203 — 1292)، پارسگۈي شائىر، ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر. مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 20 يىللىق ساياھىتىنى باشلاپ، بەزىدە ئۇلاغلىق، بەزىدە پىيادە يول يۈرۈپ، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى، مىسىر، خۇراسان، ھىندىستان، جۈملىدىن قەشقەر قاتارلىق يەرلەرنى كېزىپ چىققان. پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا سەئدىينىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ غەزەلنى مۇستەقىل ژانىر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ «تۆت دىۋان» دىن ئىبارەت غەزەللىرى بار. ئۇنىڭ بولۇپمۇ «بوستان» «سەئدىينامە»، (1257) ۋە «گۈلىستان» (1258) ناملىق ئەسەرلىرى داڭلىق بولۇپ، كۆپ تىللارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

[2] ھافىز شىرازىي — ئەسلىي ئىسمى ـ شەرىپى: شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد (1326 — 1389)، پارس شائىرى، جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۈيۈك لىرىك شائىرلاردىن بىرى. ئۇ غەزەل ژانىرىدا ھېچكىم يېتەلمىگەن يۈكسەك چوققىغا يەتكەن. ئۇنىڭ بىر لىرىك شېئىرلار دىۋانى ساقلىنىپ قالغان.

# كەمال خوجەندي[1]

شەيخ كەمال خوجەندي گۈزەل سۆزلۈكلۈكى ۋە مەنە ئىپادىلەشتىكى دانالىقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەمما، ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇبالىغە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك تۇپەيلى، كېلەڭسىزرەك ۋە ئېنىقسىزراق ھەم ئىشق ـ مۇھەببەتتىن مۇستەسنا.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېكمەتلىك سۆزگە باي، ۋەزنى راۋان، قاپىيىلەر ھەم رادىپلار كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇ ھەسەن دېھلىۋىنىڭ[2] ئىزىدىن ماڭغان، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكىگە ئوخشاش گۈزەل مەنىلەر ھەسەن شېئىرلىرىدا يوقتۇر. ئۇنى «ھەسەن ئوغرىسى» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىزداشلىقتىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بەزى دىۋانلىرىدا مۇنۇ بېيىت ئۇچرايدۇ:

رەھنەمالىقتا مېنى تۆتمىدى ھېچكىم،
ئەمما مەلۇم بولدى، ھەسەن ئوغرىسىمەن[3].

شەيخ كەمال ۋە ھافىز سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان ئارىفلار: «شەيخنىڭ سۆھبىتى شېئىرلىرىدىن ياخشىراق ئىدى؛ ھافىزنىڭ شېئىرلىرى بولسا، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ياخشىراق» دېيىشىدۇ.

---

[1] كەمال خوجەندي ـ ئىسمى ـ شەرىپى: كەمالىددىن مەسئۇد (1321 ـ 1401)، پارس ـ تاجىك شائىرى. ئۇ ئاساسلىقى غەزەللىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى سەئدىي، خۇسرەۋ دېھلىۋى، سەلمان ساۋەجىيلەر بىلەن بىر قاتارغا قويغان.

[2] ھەسەن دېھلىۋى (1253 ـ 1327) ـ ھىندىستان پارسگۇي شائىرى؛ باشتا ھۆر پىكىرلىك شېئىرلار يازغان بولسىمۇ، كېيىن سوپىلىقنىڭ چىشتىيە تەرىقىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سەئدىينىڭ كۈچلۈك تەسىرى سېزىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا غەزەللىرى كۆپرەك شۆھرەت كەلتۈرگەن.

[3] ھەسەن ئوغرىسىمەن ـ بۇ ئىبارىگە «مەن گۈزەللىك ئوغرىسىمەن»، «مەن ياشلىق ئوغرىسىمەن» مەنىلىرىنىمۇ بېرىشكە بولىدۇ.

## خۇسرەۋ دېھلىۋى[1]

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋىلەر يازغان، ھەممىسىدە كامالىغا يەتكەن. ئۇ خاقانىينىڭ ئىزىدىن ماڭغان. قەسىدىدە خاقانىيغا يېتەلمىگەن، ئەمما غەزەلدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى مەنىلەر روشەن ۋە ئىشق ـ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ زەۋقى ۋە ۋىجدانىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «ئۇنىڭ خەمسە» سىگە كىرگەن مەسنەۋىلىرىدىن باشقا داستانلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار تەبىئىي ۋە ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان.

## ئارىف ھەرەۋىي[2]

ئۇ «گوي ۋە چەۋگەن» مۇنازىرىسىنىڭ مۇئەللىپى. تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان بۇ مۇنازىرىدىكى ئات توغرىسىدا يېزىلغان مىسرالار مۇنۇلار:

كۆك گۇمبىزىنى باسقىنىدا چاڭ،
توپتەك سەكرىتىپ ئات چېپىپتۇ دەڭ.
ھەر قېتىم ھەم تەرگە بولغىنىدا غەرق،
يامغۇر قۇيار ئىدى ئارىدا بەرق.
تاقىسىدىن ئوت ـ ئۇچقۇن چاچاردى،
پۇشقۇرسا، دېمىدىن بوران چىقاردى.
توپ تۆپىسىدە ئايلانغان زامان،
يانغىن تۇتۇنىدىن كۆتۈرەر توزان.

---

[1] خۇسرەۋ دېھلىۋى ــ ئەسلىي ئىسمى: يەمىنىددىن ئەبدۇلھەسەن (1253 ــ 1325)، پارس ـ تاجىك شائىرى، ئەدەبىياتشۇناس، كومپوزىتور. ئۇ نىزامىي گەنجەۋىيدىن كېيىن خەمسە يېزىپ، خەمسىچىلىكنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان؛ غەزەلدىمۇ يۇكسەك ماھارەت كۆرسىتىپ، «ھىندى سېھىرگىرى» نامىنى ئالغان؛ تۇنجى بولۇپ تارىخىي داستان يازغان؛ ئۆز ھاياتىدا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئۆمۈر پەسىللىرى بويىچە بۆلۈپ بەش دىۋان تۈزۈپ، شەرق ئەدەبىياتىدا دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن.
[2] ئارىف ھەرەۋىي ــ 144 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ياۋ بىلەن ئېلىشماقتا كىرىشسە ئەگەر،
يۈز بوران چاڭ بىلەن توزان كۆتۈرەر.
تاغلارنىڭ ئۈستىدىن سەلدەك ئۆتەردى،
دەريا ـ دېڭىزلاردىن يەلدەك كۆچەردى.

## ئەلىشىر نەۋائىي[1]

بۇ زامان بۇ دۆلەت ئىگىسى بىلەن شەرەپ قۇچقاندۇر. مەرتىۋىسى، ئۇلۇغلۇقى، خانغا يېقىنلىقى، تەڭرى ئاتا قىلغان ۋە ئوقۇش ـ ئۆگىنىش يولى بىلەن ئېرىشكەن ئىلىم ـ بىلىمى، ئەقىل ـ ئىدراكى، شۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن شېئىرلىرى تۈپەيلى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق يۈكسەك ماختاشلار ئازلىق قىلىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، شېئىر ئەھلىگە قوشۇلغان ۋە باشقىلارغىمۇ شېئىرىيەت يولىنى ئېچىپ بەرگەن. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مانا شۇ ئەنجۇمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە باشلىق ۋە شېئىر ئەھلى باش دەپتىرىدە نامى پۈتۈك. ئۇنىڭ پاك نامىنى تۆۋەندىكى مۇئەممادىن بىلگىلى بولىدۇ:

ئەسلىي نامىغا كىشى تاپماس تەخەللۇسىدىن ئىما،
كىم تاپالىسا، لەۋلىرىدىن تۆكۈلەر جانبەخش ناۋا.

ئۇ تەبىئىتى تەقەززاسى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بىلەن تۈركىي ـ پارسىي شېئىرىيەتتە يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، تۈركىي شېئىرىيەتكە مايىل بولغان ۋە تۈركىي تىلدا ئون مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق غەزەل يازغان.

ئۇنىڭ نىزامىي «خەمسە»سىگە جاۋابەن تۈركىي تىلدا يازغان مەسنەۋىلىرى ئۈچ مىڭ بېيىتقا يېقىن ھەم بۇ تىلدا ھېچكىم بۇنچىلىك

---

[1] ئەلىشىر نەۋائىي ـ ئەسلىي ئىسمى ـ شەرىپى: نىزامىدىن ئەمىر ئەلىشىر غىياسىددىن (1441.2.9 ـ 1501.1.3)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى.

كۆپ ۋە نادىر شېئىر يازمىغاندۇر.

ئۇنىڭ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «ياخشىلار دەرياسى» ناملىق قەسىدىسىگە جاۋاب تەرىقىسىدە يازغان قەسىدىسى بار. ئۇنىڭدا ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇن ۋە نازۇك تۇيغۇلار ئىپادىلەنگەن بېيىتلار ناھايىتى كۆپ. ئۇ قەسىدىنىڭ باشلانمىسى مۇنداق:

پادىشاھلار تاجىغا جۇلالىق لەئل بولسا بېزەك،
باشتىكى ھەر خام خىيالغا تاپ بەرگۈچى چوغ دېمەك.

تۆۋەندىكى رۇبائىي بىر كىشىنىڭ ھىجازدىن قايتىپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان تەبرىك خېتىدىن ئېلىندى:

پەلەك، ئىنساپ بىلەن يەتكۈزگىن پەيغام،
قېنى كىم ياخشىراق ئەيلىدى خىرام[1].
ئەتە تاڭدا شەرقتىن چىققان قۇياشمۇ،
تولۇن ئايمۇ چىققاي جايى بولسا شام.

مۇنۇ رۇبائىي باشقا بىر مەكتۇپتىن:

بۇ نامە مەكتۇپمەس، دەردىم دەرمانى،
ھىجراندا ئېزىلگەن يۈرىكىم قانى.
قايناق دىلىۇ سوغۇق ئاھىم تەسكىنى،
يەنى جاھانكەشتى ماھىم نىشانى.

بۇ رۇبائىي يەنە بىر مەكتۇپتىن:

مەيخانىدە دائىم سەندىن سۆزلەيمەن،
ھەر دەمدە ھەم تىنماي سېنى ئىزلەيمەن.

---

[1] خىرام – چىرايلىق مېڭىش، ناز ـ تەمەننا بىلەن قەدەم بېسىش...

ئادەملەر ئىچرە كەلسەم دەيمەن يۈزمۇيۈز،
پىراقتا ھەم دىلدىن سېنى كۆزلەيمەن.
كۆرمىدىڭمۇ، تېۋىپ ئاچچىق دورىنى،
شېكەر بىلەن تاتلىق قىلغىنى زامان؟

شۇنداق ھىيلە بىلەن بىمار تېنىدىن،
ھەممە كېسەللىكنى قوغلايدۇ ئاسان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى رەۋزە

# چاقچاقلار

## ھېكايەت

بىر كۈنى خەلپە چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتى، بىر سەھرالىق ئەرەب كىرىپ كەلدى. خەلپە ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇرۇپلا داستىخاندىكى قورۇلغان قوزا گۆشىگە ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى. بۇنى كۆرگەن خەلپە ئۇنىڭغا دېدى:

— بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىككى، گويا بۇ قوزىنىڭ ئاتىسى سېنى ئۈسكەندەك بىچارىنى سۆڭەكلىرىدىن شىلىۋەتمەكتىسەن ۋە شۇنداق كۆچەپ چاينىماقتىسەن؟

ئۇ ئەرەب بۇنىڭغا بېرىپ دېدى:

— بۇ يېيىشلىك تائام ئىكەن، ئەمما سەن ئۇنىڭغا شۇنداق شەپقەت بىلەن باقماقتىسەن ۋە يېيىلىپ كېتىشىدىن شۇنداق تەشۋىشلەنمەكتىسەنكى، گويا ئۇنىڭ ئانىسى سېنى ئەمدۈرۈپ چوڭ قىلغاندەك.

## ھەزىل

بەھلۇلغا[1] دېدى:

— بەسرە دېۋانىلىرىنى ساناپ بەر.

— ئۇلار سان - ساناقسىز، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ئەقىللىقلىرىنى سورىسىڭىز ساناپ بېرەي، ئۇلار بىر نەچچىلا شۇ.

---

[1] بەھلۇل — ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭق چىقارغان قەلەندەر، 809 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئەقىللىق دەپ بىلگەن ھەربىر كىشىدە،
دىۋانىلىكتىن ھەم باردۇر بىر ئەسەر.
دۇنيا تەشۋىشىدىن شۇ دىۋانىلىك،
سايىسىدە پەقەت ئامانلىق تاپار.

## چاقچاق

پازىل بىر كىشى سىرداش بىر دوستىغا مەكتۇپ يېزىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر كىشى كۆز قىرىنى سېلىپ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ھال پازىل كىشىگە مالال كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتۇپقا: «ئەگەر يېنىمدا بىر مۇتتەھەم دەيۇز خېتىمنى ئوقۇپ تۇرمىغان بولسا، ساڭا ھەممە سىرىمنى ئېيتقان بولاتتىم» دەپ يېزىپ قويدى.

— خۇدا ھەققى، مەۋلانە، — دېدى ھېلىقى كىشى، — سىلىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئوقۇغىنىم يوق.

— ئەي ئەخمەق، — دېدى پازىل كىشى، — ھازىر سەن نېمە دېدىڭ؟ خېتىمنى ئوقۇمىغان بولساڭ، ئۇنداقتا سەن يازغىنىمنى قەيەردىن بىلدىڭ؟

كىم بىراۋنىڭ سىرلەرىن بىلمەكچى بولسا يوشۇرۇن،
يا ئوغرىلىق بىرلە سىر ئالسا، چىن ئوغرىدۇر ئۇ ھەم.
گەر بۇ ئىشقا ھەق تەلەپ قىلسا، يەنە بەتتەر ئىشى،
نامىنى قويسا ياراشقاي يا دەيۇز، يا مۇتتەھەم.

## ھېكايەت

بىر مەست ئۆيىدىن چىقىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇسۇپ يېتىپ قالدى. بىر ئىت كېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى يالاشقا باشلىدى. بىراۋ مېنىڭ ئېغىز - بۇرنۇمنى تازىلاپ قويۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان مەست بولسا، پىچىرلاپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا باشلىدى:

— خۇدا سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىمۇ ساڭا شۇنداق مېھرىبان قىلسۇن...

كېيىن توساتتىن ئىت ئايىغىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە سىيىۋەتكەنىدى، ئۇ:

— بارىكاللا، ئەي ئاغا، يۈزۈمنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇمۇ ئېلىپ

كېلىپسەن، — دېدى.

شارابنى تا ھوشىدىن كەتكۈنچە ئىچىپ،
ساقال - بۇرتۇڭنى ئىپلاس ئەتسەڭ بىھايا.
بۇ ناپاك بۇرتۇڭنى كۈچۈكلەر كېلىپ،
سۈيدۈك بىلەن يۇسا ساڭا شۇ راۋا.

## چاقچاق

بىر بۆزچى بىر موللامغا پۇلىنى ئامانەت قويغانىدى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ پۇل كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. موللام سۈپىدا سەپ تارتىپ ئولتۇرغان شاگىرتلىرىغا ساۋاق بېرىۋاتاتتى.

— ئەي ئۇستاز، ئۆتكەنكى ئامانەتنى بەرسىلە بوپتىكەن، كېرەك بولۇپ قالغانىدى، — دېدى بۆزچى.

— بىردەم تۇرۇپ تۇر، دەرسىم تۈگىسۇن، — دېدى موللام.

بۆزچى كۈتۈپ ئولتۇردى، ئەمما دەرس سوزۇلۇپ كەتتى. موللامنىڭ دەرس ۋاقتىدا بېشىنى چايقاپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئىچى تىتىلداپ تۇرغان بۆزچى دەرس ئۆتۈش دېگەن باشنى چايقاش ئىكەن، دەپ ئويلىدى - دە، موللامغا:

— سىلى ئۆيلىرىگە بېرىپ ئامانىتىمنى ئېلىپ چىقسىلا، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بېشىمنى چايقاپ تۇراي، ئىشىم زۆرۈر ئىدى، — دېدى.

موللام بۇ گەپنى ئىشىتىپ كۈلۈپ كەتتى:

بىلىمدىن لاپ ئۇرۇر شەھەر فىقھىسى[1]،
ھەر ئىلىمنى بىلۇر يوشۇرۇن - ئاشكار.
ئۇندىن نېم سورا، قول بىلەن قىلار ئىما،
ياكى جاۋاب ئورنىغا باش ئىرغىتار.

---

[1] فىقھى ـ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تولۇق بىلىدىغان، شەرىئەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

www.uyghurkitap.com

## چاقچاق

قاراڭغۇ كېچىدە بىر قارىغۇ كىشى مۈرىسىگە بىر كوزىنى قويۇپ، بىر قولىدا چىراغ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، بىر نادان كىشى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ دېدى:

— ئەي نادان، سېنىڭ ئۈچۈن كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ پەرقى يوق، ساڭا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوخشاشلا. بۇ چىراغنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى بار؟

قارىغۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ چىراغنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ساڭا ئوخشاش دىلى كور ۋە ئەقلى كەملەر ماڭا ئۇرۇلۇپ كېتىپ ۋە كوزامنى سۇندۇرۇپ قويمىسۇن دەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمەن.

نادانلار ئەھۋالىن چۈشەنگەي بىئەقىلدىن باشقا كىم،
گەر ئىبن سىناچە بولغان چاغدا ئىلىم دانىشى.
تەنە قىلما كۆزى كورنى، ئەي ئوچۇق كۆزمەن دېگەن،
ئۆزگىلەرنى كۆرمىسىمۇ، كۆرگەي ئۇ كور ئۆز ئىشىن.

## چاقچاق

بىر گاداي بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپ سەدىقە سورىغانىدى، يىراقتىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— كەچۈرگەيسەن، ئۆيدە خوتۇنۇم يوق ئىدى.

— ماڭا خوتۇنلار سۆھبىتى ئەمەس، بىر بۇردا نان كېرەك، — دېدى گاداي.

نە بولسا ئىپچىق، كۆرسەتمە باھانە،
ئىشىكىڭ ھالقىسىن قاققاندا گەدا.
خوتۇن خەقنىڭ زىكرىن قىلغاندىن كۆرە،
بىر نېمە بەرگىنىڭ ئەۋزەل ۋە ئەلا.

## چاقچاق

بىر مۇئەللىمنىڭ ئوغلى كېسەل بولۇپ ئۆلۈمگە يۈزلەندى.
— يۇغۇچى چاقىرىڭلار، بۇنى يۇسۇن، — دېدى مۇئەللىم.
— تېخى ئۆلگىنى يوققۇ؟! — دېگەنىدى بىرى، ئۇ:
— ھېچقىسى يوق، يۇغۇچى يېتىپ كەلگۈچە ئۆلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىشتىن ئاۋۋال ئالدىراڭغۇلۇق قىلسا كىشى،
«ئالدىراڭغۇلۇق» بولغاي يۈزىگە پۈتۈك.
يا تېخى كۈن پاتماي تۇرۇپ ئاچار روزىسىن،
ياكى سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ يېشىدۇ ئۆتۈك.

## چاقچاق

بىر كىشىدىن:
— سەن چوڭمۇ يا ئۇكاڭمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:
— مەن چوڭ، ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ماڭا يېتىشىۋالىدۇ، — دېدى.

ئەگەر ئۆتسەڭ ئۆمرۈڭ ھېچبىر ھوسۇلسىز،
باشقىلار ئىشىنى ساناپ تالىسەن.
ئۆزگىلەر ئۆمرىنى قىلىسەن ھېساب،
ئۆز ئۆمرۈڭ ھەم ئۆتەر، بىلمەي قالىسەن.

## چاقچاق

بىر كىشى بىراۋنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ دېدى:
— ئەجەبا، سەن مېنى تونۇمامسەن، قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىلمايسەنغۇ؟
ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:
— بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوققۇ، — دېدى.

— ئاتام ياشلىقىدا ئاناڭغا ئەلچى كىرگۈزگەنىكەن، ئەگەر شۇ چاغدا ئاناڭ ماقۇل بولغان بولسا ئىككىمىز ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ قالماسمىدۇق.
— ئۇنداق بولسا، خۇدا ھەققى بىز بىر ـ بىرىمىزدىن مىراس تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق قېرىنداشلاردىن ئىكەنمىزغۇ، — دېدى ئۇ.

خام تەمە كىشىلەر ھەربىر ئادەمدىن،
ئېھسان ئۇندۇرمەكنى پەرز دەپ بىلىدۇ.
بۇنداق خام تەمەسى پىشىپ يەتمىسە،
كۆپ جاپا چېكىدۇ، دىل سىقىلىدۇ.

## ھېكايەت

بىر زالىم پادىشاھنىڭ ۋاقتىدا بىر باي كىشى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ زالىمنىڭ ۋەزىرى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ئاتىسىدىن نىمىلەر قالغىنىنى سورۇشتۇرۇپتۇ .
— مال ـ دۇنيادىن پالان ـ پالان نەرسىلەر قالدى، — دەپتۇ ئوغۇل، — ۋارىسلاردىن بولسا ئۇلۇغ ۋەزىر بىلەن مەن پەقىرۇ ھەقىر قالدۇق .
ۋەزىر كۈلۈپ كېتىپ:
— مال ـ دۇنيا ئىككىگە بۆلۈنسۇن، يېرىمى بۇ ئوغۇلغا بېرىلىپ، يېرىمى پادىشاھ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

زالىم ۋەزىر يېتىم ھەققى ـ مالىدىن،
پادىشاھ ھەققىن يۇلماقتىن بىلمەس باشقىنى.
ھەممىنى ئالسا ئادالەت بىلۇر،
پەزىلەت بىلۇر ئالسا يېرىمىنى.

## چاقچاق

بىر ئەرەب تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ: «كىمكى تۆگەمنى تېپىپ بەرسە، ئىككى تۆگىلىك مال بېرىمەن» دەپ جار ساپتۇ.
— ھاي ـ ھاي، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر، — بىر ئادەتتىكى تۆگىگە ئىككى تۆگىلىك مال ۋەدە قىلغىنىڭ قىزىققۇ!
— جىم، — دەپتۇ ئۇ، — سىلەر يوقالغان نەرسىنى تېپىۋېلىش

خۇشاللىقنى ھېچقاچان بېشىغلاردىن كەچۈرمىگەن، قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايتا ئىگە بولۇش لەززىتىنى تېتىپ كۆرمىگەن ئوخشايسىلەر.

يوقالغان نەرسە گەر كىچىك بولسىمۇ،
ھېچ دېمەڭ: «ئىزدىمە، بارمۇ قىممىتى؟»
زەرشۇناس[1] كىشىلەر بىلۇر قەدرىنى،
تاپقىنىڭدىن ئارتۇق تاپماق لەززىتى.

### ھېكايەت

بىر تېۋىپ ھەر قېتىم گۆرىستان يېنىدىن ئۆتسە يا گۆرىستانغا بارسا، يۈزىگە چىمىلدىق تارتىۋالىدىكەن. بىر كىشى تېۋىپتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
— بۇ گۆرىستاندا ياتقان ئۆلۈكلەردىن ئۇيىلىمەن، چۈنكى بۇ يەردە كىمنىڭ يېنىدىن ئۆتمەي، ئۇ يا مېنىڭ زىيانكەشلىكىمگە ئۇچرىغان، يا مېنىڭ شەربىتىمنى ئىچىپ ئۆلگەن كىشىدۇر.

ئەي كېسەلگە داۋا قىلماي بولغان ھەلەك،
ھەر چامدىمىڭ نەق ئۆلۈمدىن بېرۇر دېرەك.
ئەجەل كەلسە، ئەزرائىلنى قىلدىڭ ئازاد،
جان ئېلىشنىڭ جاپاسىدىن، ئۆزۈڭ ھەلەق.

سەندىن تانار تېبابەتنىڭ بازارى،
سەندىن ئارتىپ بارار بىمار ئازارى.
ئەمما خۇدا ھەققى سەندىن يېشىلۇر،
يۇغۇچى، كېپەندۇر، گۆركار خۇمارى.

خۇددى بىر دانىشمەن ئېيتقىنىدەك: «چالا تېۋىپ ھەممىگە بالا، مىسالى ۋابا»!

---

[1] زەرشۇناس — بىرەر نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئەي، تىب ئىلمىدىن خەۋەرسىز تېۋىپ،
خالايىققا ئۆزۈڭ ۋاباسەن، ۋابا.
نەپرەتلىنىش سەندىن نە ئەجەبتۇركى،
ۋابا ئۈچۈن نەپرەت ئەڭ ئېسىل دۇئا.

## چاقچاق

ساھىب ئەبباد[①] ھۇزۇرىغا بىر شائىر كېلىپ قەسىدە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھەربىر بېيىتى ئۆزگە بىر دىۋاندىن، ھەر مەنىسى باشقا بىر سۇخەندانىدىن ئىدى.

— ئاجايىپ بىر كارۋان يېتىلەپ كەپسەن، — دېدى ساھىب، — ئەگەر تۆگىلەرنى يېشىۋەتسەڭ، ھەربىرى ئۆز توپىغا كېتىدۇ ـ دە، سېنىڭ كارۋىنىڭدا ھېچنېمە قالمايدۇ.

كېچە دەۋا قىلىپ ماڭ دېگەنتىڭ:
«مېنىڭ شېئىرلىرىم ھەسەلدىن شېرىن»
دىۋانىڭغا بېقىپ شۇنى كۆردۈمكى،
ھەر يەردىن يىغىپسەن ئۇنىڭ بېيىتلىرىن.
ھەربىر بېيىتى كەتسە گەر جايىغا،
قۇرۇق قەغەز قالۇر، قۇپقۇرۇق زېمىن.

## چاقچاق

شائىر فەرەزدەق[②] بەسرە ھۆكۈمدارى خالىد نامىغا قەسىدە يېزىپ، ئۇنى مەدھىيىلىدى، ئەمما ئۇنىڭغا كۈتكىنىدەك مۇكاپات تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنى يېزىپ، خالىدنى مەسخىرە

---

[①] ساھىب ئەبباد ـ 938 ـ 995 ـ يىللىرى ياشىغان، ئەرەب ئەدەبىياتىدا سەج (قاپىيىلىك نەسر) ئۇستازلىرىدىن بىرى.

[②] فەرەزدەق ـ 641 ـ 732 ـ يىللاردا ياشىغان ئەرەب شائىرى، ئۇ ساتىرىك قەسىدىلىرى ۋە ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

قىلدى:

كۆردۈمكى، سىرتى ئەجەب گۈزەل بىر ساراي،
قەلبىمدىن ئۇنىڭ ئىگىسى ئالدى بىر جاي.
ئەمما ساراي ئىچرە بىلمەيتىمەن نە بار،
شېئىرىمنى بۇلغىدى قارا لاتقا ـ لاي.

بۇ رۇبائىي خالىدقا يەتتى. ئۇ شائىرغا ئون مىڭ دىرھەم پۇل ۋە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: «بۇ پۇللارنى ئىچىڭدىن چىقىپ، تېشىڭنى بۇلغىغان نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىشكە سەرپ قىلغايسەن!» دەپ يېزىلغانىدى.

ئەجەبلەنمە قىلسا ئېھسان ماختالغانغا كىشى،
مەدداھىغا ھېچبىر كىشى يامان سۆز دېمەس.
دېڭىزدىن سوۋغا قىلىپ بىرنەچچە تامچە،
خاتىردىن يامانلىقنى يۇيالىسا، بەس.

## چاقچاق

بىر شائىر تېۋىپ ئالدىغا كېلىپ ھەسرەت چەكتى:
ــــ بىر نەرسە دىلىمغا كىرىۋېلىپ، تۇگۇن بولۇپ قالدى، مېنى بەك بىئارام قىلماقتا. ئۇنىڭ تۇپەيلى ئىچىم سىقىلىپ، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.
تېۋىپ ناھايىتى زېرەك كىشى ئىدى، دېدى:
ــــ تېخى ھېچكىمگە ئوقۇپ بەرمىگەن شېئىرىڭىز بارمۇ؟
ــــ بار، ــــ دېدى شائىر.
ــــ ئوقۇڭ!
شائىر ئوقۇپ بەردى.
ــــ يەنە بىر قېتىم ئوقۇڭ، ــــ دېدى تېۋىپ.
شائىر بۇ شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى.
ــــ ئەمدى كەتسىڭىز بولىدۇ، ــــ دېدى تېۋىپ، ــــ كېسەلدىن قۇتۇلدىڭىز. دىلىڭىزدا تۇگۇن بولۇپ، سىزنى قىيناپ ياتقان نەرسە شۇ شېئىرىڭىز ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى تۇپەيلى سىزگە كېسەل تېگىپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمدى ئۇنى دىلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، كېسەلدىن خالاس بولىدىغىز.

شېئىر ئەمەس بۇ ئالىم كىشى ئوقۇسا،
دېيۇركى: «بۇ مەنىسىز، مەزرىسىز ئاق ــــ ئەك».
قىزىتماق ئۇچۇن ئەگەر بىمارغا بەرسە،
تۇتار ئىدى ئۇنىڭ بەدىنىنى بەزگەك.

## مەنزۇمە[1]

بىر شائىر ئوقۇدى تېتىقسىز غەزەل،
دېدىكىم: «ئېلىپسىز يازدىم، بۇ ئەلا».
دېدىمكى: «ئەڭ يۇكسەك سەنئەت بولۇردى،
شېئىرىڭ سۆزلىرى بولمىسا ئەسلا.»

كېچە بىر مەتلەئىنى[2] كېرىلىپ ئوقۇپ،
دېدىڭ: «بۇ ئۇنچىلەر كانى ــــ دېڭىزغۇ!»
بىر دېڭىزغا قانداق قانائەت قىلدىڭ،
شېئىرىڭ ھەر مىسراسى بىر دېڭىزغۇ؟»

---

[1] مەنزۇمە ــ شېئىري ئەسەر؛ نەزم بىلەن يېزىلغان ئەسەر.
[2] مەتلەئ ــ غەزەل ياكى قەسىدىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىلىنىدىغان بىرىنچى بېيىتى، باشلىنىشى.

# يەتتىنچى رەۋزە

# مەسەللەر

## ھېكايەت

بىر تۆلكە بۆرە بىلەن دوستلاشماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى ۋە ئىككىسى تېپىشتى. بىر كۈنى ئۇلار بىر باغقا كىرمەكچى بولدى، لېكىن باغنىڭ ئىشىكى چىڭ تاقاق، تاملىرى بولسا ئېگىز ئىدى.

ئۇلار باغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بىر تۆشۈكنى تېپىشتى. تۆشۈك تۆلكىگە كەڭ، بۆرىگە تار ئىدى. تۆلكە ئۇ يەردىن ئاسانلىقچە كىرىپ كەتتى، بۆرە بولسا سىقىلىپ ـ قىينىلىپ كىردى.

ئۇلار خىلمۇخىل يېمىشلەردىن يېيىشتى. تۆلكە زېرەكرەك بولۇپ، چىقىپ كېتىش غېمىنى قىلدى. ئەخمەق بۆرە بولسا قارنىغا پاتقۇچە يېدى. باغۋەن ئۇلارنى سېزىپ قالدى ۋە قولىغا توقماق ئېلىپ، ئۇلارغا قاراپ يول ئالدى. بىلى ئىنچىكە تۆلكە تۆشۈكتىن غىپپلا قىلىپ قېچىپ كەتتى. باغۋەن بولسا قارنى كۆپۈپ، تۆشۈككە قىسىلىپ قالغان بۆرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى شۇنداق دۇمبالىدىكى، بىچارە بۆرە تۈكلىرى يۇلۇنۇپ، تېرىسى شىلىنىپ، تار تۆشۈكتىن ئاران چىقىپ قۇتۇلدى.

ئەي خوجا، ئالتۇنغا كۆپ ھېرىس بولمىغىن،
ئاخىر يالىڭاچ، خار بولۇپ كېتىسەن.
كۆپ سەمرىمىگىن نازۇنېمەتتىن،
ئويلىغىن، گۆرۈڭدە قانداق ياتىسەن.

## ھېكايەت

نەشتىرىدە ئۆلۈم زەھىرى، تەبىئىتىدە يامانلىق پەخرى بار بىر چايان

سەپەرگە چىقتى. ئۇ بىر كەك دەريا قىرغىقىغا كەلدى، ئەمما دەريادىن ئۆتەلمەي چارىسىز قالدى. ئۇنىڭ نە دەريادىن ئۇزۇپ ئۆتۈش ئىلاجى، نە ئارقىسىغا يېنىپ كېتىشكە ئىمكانى يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاشپاقىنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى دۈمبىسىگە مىندۈردى ۋە سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈشكە باشلىدى. تاشپاقا دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، چايانىنىڭ دۈمبىسىگە بىرنەرسە سانجىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ـــ بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ ـــ دەپ سورىدى تاشپاقا.

ـــ بۇ سېنىڭ دۈمبەڭگە سانجىلىۋاتقان نەشتىرىمنىڭ ئاۋازى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى چايان، ـــ دۈمبەڭگە نەشتىرىمنىڭ تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۆز ئادىتىمنى تاشلىيالمىسام، ماڭا نېمە ئامال.

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى،
تەبىئىيدۇر ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى.

تاشپاقا بولسا: بۇ قىلىقى يامانىنى ئۆز قىلىقىدىن ۋە ياخشىلارنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خالاس قىلمىسام بولمىغۇدەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، سۇغا بىر شۇڭغۇدى. چايان شۇ هامان دولقۇنغا غەرق بولدى، ئۇنىڭدىن نام ـ نىشان قالمىدى.

يامان، زالىم كىشى هەر چاغ قىلۇر يۈز هىيلەيۇ نەيرەڭ،
ئۇنىڭ خۇلقى بىلەن پىتنە ـ ئەلەمگە ئالەم.
ئۆلۈم تەكتىگە شۇڭغۇپ يوقالسا نامۇنىشانسىز،
ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇر يامان خۇلقىدىن، بارچە ئەلنى هەم.

## هېكايەت

بىر چاشقان بىر باققالنىڭ دۇكىنىدا ياشار ۋە ئۇ يەردىكى هۆل ـ قۇرۇق يېمىشلەردىن خالىغىنىچە تېتىپ كۆرۈر ئىدى. باققالنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئۇ پەرۋاسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا هېچبىر چارە كۆرمەس ئىدى. ئەمما:

«ئالچاق رەزىلنىڭ قارنى تويغان ۋاق،
ئالچاقلىقى بولغۇسى دادىلراق»

دېگىنىدەك، چاشقاننىڭ خورىكى ئۆسۈپ، باققالنىڭ ھەمىنىنى تېشىپ تېگىگە يەتتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئۇۋىسىغا توشۇپ كەتتى. بىر كۈنى باققال پۇل كېرەك بولۇپ ھەمىنىغا قول تىققانىدى، ھەمياننىڭ گادايىنىڭ خالتىسىدەك قۇرۇق، ئاچلارنىڭ مەيدىسىدەك بوش ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ شۇ ھامان بۇ ئىشنىڭ چاشقاننىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مۈشۈكتەك ماراپ ياتتى ۋە چاشقان تۆشۈكتىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا تاشلاندى.

باققال چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىغا بىر تال ئۇزۇن يىپنى باغلاپ، قويۇپ بەرگەنىدى، ئۇ ئۇۋىسىغا باردىغان بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. باققال يىپنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، چاشقان ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋالدى. ئۇ يەرنى كولاپ قارىغانىدى، چاشقان ئۇۋىسى سەرراپ دۇكىنىدەك ئالتۇن - كۈمۈش، دىنار - دىرھەملەرگە لىق توشۇپتۇ. باققال پۇل - پۇچەكلىرىنى ئالدى ۋە چاشقاننى سۆرەپ چىقىپ، مۈشۈكنىڭ ئاغزىغا سالدى. چاشقان قىلمىشىغا يارىشا قىسمىتىنى كۆردى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ جازاسىنى تارتتى.

ھېرىسۋېسلىك كەلتۈرگۈسى باشقا تەشۋىش دائىما،
كىم قانائەت ئەھلىدۇر، شۇ ئۆتكۈزگۈسى خۇشال ھايات.
يۈزلەنمىگەي باش ئاغرىقى قانائەتچان بولسا كىشى،
بولسا كىم زىيادە ھېرىسمەن، تاپمىغاي بېشى نىجات.

## ھېكايەت

بىر تۈلكە يولنىڭ بېشىدا ئۇيان - بۇيان قاراپ تۇراتتى، كۆزىگە تۇيۇقسىزلا يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يېقىنىراق بېرىپ قارىغانىدى، بىر ۋەھشىي بۆرە بىلەن يوغان بىر ئىتنىڭ خۇددى يېقىن ئاغىنىلاردەك يانمۇيان مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نە ئىت بۆرىنىڭ خىيانەتكارلىقىدىن قورقماس ۋە نە بۆرە ئىتنىڭ چىشلىرىدىن ھېيىقماس ئىدى.

تۈلكە بۆرە بىلەن ئىتنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇلارغا سالام بەردى ۋە ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈردى.
— ئەلھەمدۇلىللا، — دېدى تۈلكە، — كونا ئاداۋەت يېڭى ساداقەت بىلەن ئالمىشىپتۇ. ئىككىيلەننىڭ دوستلىشىشىغا كىمنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىش كەمىنىگە مۇمكىن بولارمۇ؟
— ئىككىمىزنىڭ دوست بولۇشىغا چوپاننىڭ دۈشمەنلىكى بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىت، — چوپان بىلەن بۆرىنىڭ ئاداۋىتى ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. مېنىڭ بىلەن چوپاننىڭ ئاداۋىتى مۇنداق: ماڭا دوستلۇق دۆلىتى ئاتا قىلغان مۇشۇ بۆرە تۈنۈگۈن كېچە پادىلار ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، بىر قوزىنى ئېلىپ قاچتى. مەن ئادىتىم بويىچە قوزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم، ئەمما ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدىم. قايتىپ كەلسەم چوپان تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ماڭا سەۋەبسىز ئازار بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن چوپان بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقەمنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ كونا دۈشمىنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۈم.

دۈشمەنگە كۆرسەتسەڭ دوستلۇق،ھەرگىز
ئاداۋەت تېغىدىن تىلىنماس پوستۇڭ.
ئاداۋەت تۈتمىغىن دوستلارغا ئەسلا،
ئەلمىدىن دۈشمەن بولمىسۇن دوستۇڭ.

## ھېكايەت

بىرى تۈلكىگە:
—يېزا ئىتلىرىغا سالامىمىزنى ئېلىپ بارغىن ـ دە، ئۇنىڭ ھەققىگە يۈز دىنار پۇل ئالغىن، — دېگەنىكەن، ئۇ:
— ھەققى چوڭ مۇكاپاتتۇر، ئەمما ئىشنىڭ ئۆزى جانغا ئاپەتتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ناكەسنىڭ دەريادەك مەۋجىنى كۈتمەك،
دەريا قايىنىمىدا ئۈزمەك دېمەكتۇر.
دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەك مال ـ مەنسەپنى دەپ،
ئەسلىي جاندىن ئۈمىد ئۈزمەك دېمەكتۇر.

## ھېكايەت

بىر تۆگە سەھرادا ئوتلاپ يۈرەر، ئۇ يەردىكى قۇرۇق تىكەنلەرگە ئېغىز تېگەر ئىدى. ئۇ بىر ياتناققا يېتىشتى ۋە كۆردىكى، ئۇ گۈزەللەر سېكىلىكىدەك جىڭگىلىك، جانان يۈزىدەك تازا ۋە سۈزۈك ئىدى. تۆگە ياتناقتىن بەھرە ئالاي دەپ بويىنىنى سوزدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە توقاچ بولۇپ ياتقان يىلاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە نىيىتىدىن ياندى. ياتناق بولسا: «تۆگە مېنىڭ نەيزىدەك تىكەنلىرىم زەخمىدىن قورقتى» دەپ ئويلىدى.

تۆگىنىڭ كۆڭلىگە ياتناقنىڭ ئويى ئايان بولدى ـ دە، دېدى:

— قورقۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئاشكارا مىزبان[1] ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى پىنھان مېھماندۇر. تىكەن زەخمىدىن ئەمەس، يىلان زەھىرىدىن ئەنسىرىدىم. ئەگەر مېھمان خەۋپى بولمىغان بولسا، مەن مىزباننى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋەتكەن بولاتتىم.

ياخشى ئەگەر قورقسا يامان ئادەمدىن،
جاننى ئەمەس ئابرۇيىن ئويلار شۇ زامان.
كۆل ئۈستىگە ئاياغ باسمىدى ئادەم،
بىلۇركى، ئاستىدا ئوتى بار پىنھان.

## ھېكايەت

بىر چىشلەم يەيدىغان نەرسە تاپالمىغان ئىت شەھەر قوۋۇقى يېنىدا تۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر نان دومىلاپ چىقىپ، ئۇدۇل سەھرا تەرەپكە كەتتى. ئىت ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ماڭدى ۋە دېدى:

— ئەي تەن قۇربىتى ۋە روھ قۇدرىتى، ئەي دىل مۇرادىيۇ جان ئارامى، نە سەپەر ئىختىيارىنى كۆڭلۈڭگە سالدىڭ ۋە قاياققا يول ئالدىڭ؟

— سەھرادا بىرنەچچە داڭلىق بۆرە ۋە يولۋاس ئاغىنەم بار ئىدى،

---

[1] مىزبان ــ ئۆي ئىگىسى، ساھىبخانا، بۇ يەردە ياتناق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇلار تەرەپكە يول ئالدىم.
— مېنى قورقۇتما، — دېدى ئىت، — ئەگەر تىمساھ بوغۇزىغا ياكى شىر ئاغزىغا كىرسەڭمۇ، مەن ئارقاڭدىن ماڭغايمەن.

سەندىن ئۆزگە ھېچ يوقتۇر نىيىتىم،
ئۆمرۈمدە سەندىن ئەسلا قالمايمەن.
يول ئالغان بولساڭمۇ ئۇ دۇنياغا سەن،
سېنىڭدىن بىر غېرىچ ئايرىلالمايمەن.

## ھېكايەت

قىسقۇچپاقىدىن سورىدى:
— نېمىشقا بۇنچىلىك قىيسىيىپ كەتتىڭ، ھەممە يېقىڭ قىڭغىر - سىڭغىر، پۇت - قولۇڭمۇ، يۈرگەن يولۇڭمۇ شۇنداق؟
— يىلاندىن ئىبرەت ئالدىم، — دېدى ئۇ، — يىلان شۇنچىلىك تۈز بولسىمۇ ۋە تۈپتۈز يولدا يۈرسىمۇ، دائىم بېشى جاپا تېشىدىن ئېزىلگەن ۋە قۇيرۇقى زۇلۇم زەخمىدىن ئۈزۈلگەندۇر.

قايدا پەرى سۈرەت بولاركەن پەيدا،
ئۇنى تار قۇچاققا تارتار ھەر كىشى.
قايدا توغرىلىق زاھىر بولاركەن،
يىلاندەك بېشىنى يانجىماقتۇر ئىشى.

## ھېكايەت

پاختەكتىن سورىدى:
— نېمىشقا پەقەت ئىككىلا بالا چىقىرىسەن، توخۇغا ئوخشاش كۆپ بالا چىقىرىشقا كۈچۈڭ يەتمەمدۇ؟
— پاختەك بالىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ تاشلىقىدا ئۆزۈقلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پاختەك، — چۈجىلەر بولسا كۆرۈنگەن ئەخلەت - چاۋارلاردا قورساق تويغۇزىدۇ. بىر تاشلىقتا ئىككىدىن ئارتۇق بالىنى تويغۇزغىلى بولمايدۇ، ئەمما بىر ئەخلەتخانىدىن مىڭ چۈجە ئوزۇق

تاپالايدۇ.

ئىستەر بولساڭ ئەگەر ھالال نان،
يىغىۋەر تار ئۆيدە كۆپ جان.

## ھېكايەت

پاقا ئۆز جۇپتىدىن ئايرىلىپ قالدى. يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلىپ، دەريا قىرغىقىغا يول ئالدى. ھەر تەرەپكە كۆز سالدى.

سۇ ئوتتۇرىسىدا كۆردى بىر بېلىق،
تازا سۇدەك ئاقار ئۇستى سىپسىلىق.
يا بىر قايچىدەك تازا چۆكۈشى،
سۇ ئەتلىسىنى كەسمەكلىك ئىشى.
يا ئۈچ كۈنلۈك ئاي روشەن ھىلالى،
ھەر تامان ئۇزۇپ ياشنا جامالى.

پاقا بېلىقنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ۋە يالغۇزلۇقنى يىغان چېكىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا ئۈندىدى.

— ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن ئارىدا ئورتاقلىق بولۇشى كېرەك، — دېدى بېلىق، — ئىپپى كېلىشمەيدىغانلار سۆھبەتلىشەلمەيدۇ. ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق، ئارىمىزدا سۆھبەت بولمىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن دەريا ئىچىدە ياشايمەن، سەن بولساڭ قىرغاقتا. مېنىڭ ئاغزىم دائىم جىم، سېنىڭ جاۋغايلىرىڭ بولسا پەقەت تىنمايدۇ. سېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭ باللارغا قالقان، سىياقىڭنى كىملا كۆرسە، سەندىن يىراق قاچىدۇ. مېنىڭ ھۆسن - جامالىم بولسا خەۋپ - خەتەرنىڭ ئاساسى، كىمكى جامالىمنى كۆرسە، تەمە كۆزىنى ئاچىدۇ. كۆكتىكى قۇشلارمۇ ماڭا ھەۋەس قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكى جانىۋارلارمۇ مەن ئۈچۈن سەۋدا. بېلىقچىلار گاھ مېنى قىدىرىپ مىڭ كۆزلۈك تور تاشلايدۇ، گاھ ئارزۇيۇم يۈكىدىن ئىگىلگەن قامەتلىرىدەك قارماقلارنى تاشلاپ كۆزۈم ياشلايدۇ.

بېلىق سۆزىنى تۈگىتىپ، پاقىنى قىرغاقتا قالدۇرۇپ سۇ ئىچىگىلى شۇڭغۇپ كەتتى.

بولمىغىن ھەمسۆھبەت، ساڭا بىر بولمىسا گۆھىرى،
گۆھىرى بىر بولمىسا، سۆھبەت قولاشماس، سەرسەرى[①].
جىنس تارتار جىنسقا، ناكەس قوشۇلغاندا كۆرۈك،
مىسلى ياغۇ سۇ بولۇر، بولمايدۇ سۈتكە شەككەرى[②].

## ھېكايەت

قۇشقاچ ئاتا مىراس چاڭگىلىنى تاشلاپ لەيلەك ئۇۋىسىنىڭ بىر چېتىگە كىرىۋالدى. ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ لەيلەك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ باركى، نېمىشقا كىچىككىنە جۇغۇڭ بىلەن بۇنداق چوڭ قۇشقا قوشنا بولۇش دەۋاسىنى قىلىسەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇۋىدا تۇرۇشقا ئىنتىلىسەن؟ — دېدى.

— مەنمۇ بۇنى بىلىمەن، — دېدى قۇشقاچ، — ئەمما بىلگىنىمگە رىئايە قىلالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ قوشنام بىر يىلان. مەن ھەر يىلى بالا چىقىرىمەن، جان - تېنىم بىلەن ئۇلارنى پەرۋىش قىلىمەن، ئەمما يىلان بىر ھەملە قىلىدۇ - دە، بالىلىرىمنى يەپ كېتىدۇ. بۇ يىل ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن يىراق قاچتىم ۋە ئۇلۇغ قۇش ھۇزۇرىدا پاناھ تاپتىم. ئۈمىدىم شۇكى، ئۇ دادىمغا يېتەر. ھەر يىلى بالىلىرىم يىلانغا يەم بولاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ قۇشقا يەم بولسا دەيمەن.

ئەگەر تۈلكە بولسا شىر توقىيىدا،
بۆرە چاڭگىلىدىن تاپقۇسى ئامان.
كىچىكلەر زۇلمىدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن،
چوڭلار ھۇزۇرىغا ئىنتىلۇر ئىنسان.

---

[①] سەرسەرى — كۆڭۈلسىز، مەنىسىز؛ ئەھمىيەتسىز، بىكار.
[②] شەككەر — شېكەر.

## ھېكايەت

ئىتتىن سورىدى:

— نېمىشقا سەن بار ئۆيگە گادايى قەدىمى يەتمەيدۇ، سەن ياتقان بوسۇغىنى تىلەمچى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ؟

— مەن ھېرىس ۋە تەمەدىن يىراقمەن، — دېدى ئىت، — تەمەسىزلىك ۋە قانائەتتە مەشھۇرمەن. داستىخاندىكى بىر بۇردا نانغا قانائەت قىلىمەن، غاجىلاپ تاشلىۋېتىلگەن بىر تال سۆڭەككە خۇشال بولىمەن. ئەمما تىلەمچى ھېرىس ۋە تەمەدە داڭق چىقارغان. ئۇ ھەمىشە ئاچمەن دەپ قول سوزغىنى سوزغان. خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك نېنى بار تۇرۇقلۇق، مەن ئاچمەن دەپ نالە قىلىدۇ. دۇمبىسىدە بىر ھەپتىلىك يەيدىغىنى بار، قولىدا گادايلىق ھاسىسى. قانائەت ھەمىشە ھېرىس - تەمەدىن يىراق، قانائەتلىك كىشىمۇ تەمەخور بىلەن بولالماس ئورتاق.

كىمنىڭ قەلب - دىلىغا كىردى قانائەت،
ھېرىس بىلەن تەمەدىن قۇتۇلدى بارى.
قانائەت گىلىمى سېلىنغان يەردە،
تاقالدى ئاچ كۆزلۈك — تەمە بازارى.

## ھېكايەت

بىر تۈلكە بالىسى ئانىسىغا دەپتۇ:

— ماڭا ئىت بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئۆگىتىپ قوي، — دېگەنىكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇر، شۇنىڭدا ئۇ سېنى كۆرمەيدۇ، سەنمۇ ئۇنى كۆرمەيسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ناكەس ساڭا دۇشمەن بولۇپ قالسا گەر،
مىڭ خىل ھىيلە بىلەن قىلما پەرداز.

مىڭ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭ زەخمىدىن كۆرە،
سۈلھى قىل، جەڭدىن ساقلانغىنىڭ ساز.

### ھېكايەت

قاپاق ھەرە ھەسەل ھەرىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، يېمەك بولۇپ ئۇنىڭغا چاڭ سالدى.

— داد! — دېدى ھەسەل ھەرىسى، — ھەممە ياقتا ھەسەل ۋە شېكەر تۇرسا، نېمىشقا مېنى يەيسەن؟

— چۈنكى، بال ۋە شېكەر كانىمۇ سەن، گۈل شىرىسى خانىمۇ سەن، — دېدى قاپاق ھەرە.

بەختلىكتۇر ھەقىقەت ئىزدىگەن كىشى،
سالامغا قېنىقماي سۆھبەتكە چاپار.
پەردە ئارقىسىدىن ھەسەل كۆرۈنمەس،
سۆھبەتتە ئېچىلۇر ئەسلىي نى گۆھەر.

### ھېكايەت

بىر چۈمۈلە بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىدىن ئون ھەسسە ئېغىر چېكەتكىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنى كۆرگەنلەر تەئەججۈپ بىلەن:

— بۇ چۈمۈلىگە قاراڭلار، ئۇ شۇ جېنىدا شۇنچە ئېغىر يۈكنى سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېيىشتى.

بۇنى ئىشىتكەن چۈمۈلە قاقاقلاپ كۈلۈپ دېدى:

— مەردلەر يۈكنى كۈچى ۋە گەۋدىسىنىڭ سالمىقى بىلەن ئەمەس، غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن تارتىدۇ.

يەرۇ ئاسمان كۆتۈرەلمەس يۈكنى،
تارتالارمۇ بۇ نازۇك جىسمۇجان.
ھىممەت بېلىن باغلا[1] ئىشق ئەھلى بىلەن،
ھىممەت قۇدرىتى بىلەن تارتارسەن ئاسان.

---

[1] ھىممەت بېلىن باغلا — تىرىش ـ تىرماش، ئىجتىھات قىل.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ھېكايەت

بىر تۆگە ئارغامچىسىنى سۆرەپ سەھرادا ئوتلاۋاتاتتى، ئۇنىڭغا بىر چاشقان ئۇچراپ قالدى. تۆگىنىڭ ئىگىسى يوق ئىدى. چاشقان تۆگىگە قىزىقىپ قالدى ـ دە، ئۇنى ئارغامچىسىدىن چىشلەپ ئۇۋىسىغا باشلاپ ماڭدى. بويسۇنۇش ۋە «خوپ» دېيىشكە ئادەتلەنگەن تۆگە قارشىلىق قىلماي چاشقانغا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەر بەك تار ئىدى.

— ئەي خام تەمە، — دېدى تۆگە چاشقانغا، —بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇۋاڭ شۇنداق كىچىك، مېنىڭ گەۋدەم بولسا شۇنداق چوڭ. سېنىڭ ئۇۋاڭ چوڭراق ياكى مېنىڭ گەۋدەم كىچىكرەك بولسىچۇ، كاشكى. بەس، ئىككىمىزنىڭ يولداشلىقى نەگە بارار، دوستلۇقىمىز نېمە بولار؟

ئەجەل يولىدا شۇ تەقلىدتە بارمىقىڭ كۆرۈپ ھەيران،
بولۇپتۇرمەن، يۈكۈڭ ئارقاڭدا ھېرىستىن كۆپىقۇ، ئەي ئىنسان.
بۇ يۈكلەرنى تاشلا، ئىرغىت، كۆپ ھېرىس قويما دۆلەتكە،
ئەجەل تار ئۆيگە باشلار ئان، ئەمەستۇر سىغمىقىڭ ئاسان.

## ھېكايەت

بىر ئۆكۈز مۈڭگۈزى كۈچى بىلەن سىيىرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ پادا بېشىدا يۈرەر، كۈتۈلمىگەندە پادىغا بۆرە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇنى مۈڭگۈزىگە ئاتار ئىدى. بىر ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتتى. ئەمدى بۆرە كۆرۈنسە، ئۇ ئۆزىنى سىيىرلار دالدىسىغا ئالىدىغان بولدى.

مۈڭگۈزۈم سۇندى، گويا قالدىم بىشەمشەر،
باتۇرلۇق ئورنىغا دىلدا خاۋاتىر.
مەلۇمغۇ، ئەجەل ئىچرە شۇنداق مەسەل بار:
ئىشنى قورال قىلار دەۋانى باتۇر.

## ھېكايەت

تۆگە بىلەن ئېشەك ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ، بىر چوڭ ئۆستەڭ بويىغا يېتىشتى. ئالدى بىلەن تۆگە سۇغا چۈشتى، ئوتتۇرىسىغا بارغاندى، سۇ قارنىغىچە كەلدى.

— چۈشمىسەن؟! — دەپ قىچقىردى ئۇ ئېشەكنى، — سۇ قارنىمدىن ئاشمايدۇ.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى ئېشەك، — ئەمما قېرىندىن قېرىنىنىڭ پەرقى بار. ھالبۇكى، سۇ سېنىڭ قارنىڭغا يېتەر، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئارتىپ كېتەر.

ئۆزگە سېنى ياخشى بىلمەس، بۇرادەر،\
سېنى ئارتۇق ماختاپ كەتسە ئۇ ئەگەر.\
ياخشىراق سىناپ كۆر ئۇياق - بۇيېقىڭ،\
سۇنغىن يوتقىنىڭغا قاراپ ئايىغىڭ.

## ھېكايەت

باغدا قاغا بىلەن توز ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سېلىشتى.

— سېنىڭ پۇتۇڭدىكى قىزىل ئۆتۈكلەر مېنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئەتلەس ۋە كەشتىلىك كىمخاپ كىيىمىمگە يارىشاتتى، — دېدى توز، — يوقلۇقىنىڭ قارا تونىدىن بارلىقىنىڭ يورۇق كۈنىگە ئۆتۈش ۋاقتىدا بىر ئادىشىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ. مەن سېنىڭ بۇدۇر - چوقۇر قارا ئۆتۈكۈڭنى كىيىپتىمەن، سەن بولساڭ مېنىڭ شاۋرۇن ئۆتۈكۈمنى كىيىۋاپسەن.

— ياق، — دېدى قاغا ئۇنىڭغا، — ئەگەر ئادىشىش يۈز بەرگەن بولسا، كىيىملىرىمىز ئالمىشىپ قالغان، چۈنكى سېنىڭ كىيىملىرىڭ مېنىڭ ئۆتۈكلىرىمگە بەك ماس كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇيقۇچىلىقتا سەن مېنىڭ كىيىملىرىمگە باش تىققانسەن، مەن سېنىڭ كىيىملىرىڭگە سىغقاندىمەن.

ئۇلارغا يېقىن جايدىن ئورۇن ئىزدەپ يۈرگەن تاشپاقا ئۇلارنىڭ بەس -

مۇنازىرىسىنى ئىشىتىپ دېدى:
— ئەي ئەزىز دوستلار، ئەقىلسىزلىق ئاغىنىلەر، ئۇ پايدىسىز ۋە مەنىسىز مۇنازىرىنى بولدى قىلىڭلار. تەڭرى ھەممە نەرسىنى بىر كىشىگە بەرمەس، بارچە ئىستەك يۈگىنىنى بىر قولغا تۇتقۇزماس. ھەربىر كىشىدە بىرەر ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت باركى، ئۇ باشقىلاردا بولماس. ھەربىر كىشى ئۆزىدە بارىغا خۇشال بولمىقى ۋە تاپقىنىغا قانائەت قىلمىقى كېرەك.

تەمەگەرلىك ئەمەستۇر ئاقىلنىڭ ئىشى،
زىنھار ئەقىلدىن ھېچ كەتمىگىن يىراق.
تەمە قىلما باشقىدىن، غەم كەلتۇرمىسۇن،
رەنجۇ ئەلەمنىڭ ئۇلى تەمە قىلماق.

## ھېكايەت

تاغدا ئۇيقۇدىن تېخى كۆز ئاچمىغان بىر خورازنى چىلبۆرە كېلىپ بوغدى.
— مېنى قويىۋەت، — دەپ پەريات كۆتۈردى خوراز، — مەن ئۇيقۇسىزلارنىڭ دوستى، سەھەر تۇرغۇچىلارنىڭ مەزىنى بولىمەن، زۇلۇم تىغى بىلەن قېنىمنى تۆكمە، بىكارغا ھاياتىم چەكلىرىنى سۆكمە.

سەۋەبسىز ئەيلىمە زۇلۇم ماڭا زىنھار،
گۇناھسىز تۆكمە قېنىم، ئەي ستەمكار،

شۇ چاغدا چىلبۆرە دېدى:
— مەن زالىملىق قىلماقچى ئەمەسمەن، نىيىتىمدىن يېنىشىممۇ مۇمكىن. ئۆز ئىختىيارىڭنى ئۆزۈڭگە بەردىم، سەن قانداق دېسەڭ شۇنداق قىلاي. قېنى ئېيتچۇ، بىر زەربە بىلەن جېنىڭنى ئالايمۇ ياكى سېنى پارچە - پارچە قىلىپ، بىر چىشلەم بىر چىشلەمدىن يەيمۇ؟

ئەقلۇتەدبىر بىلەن يوق قىل، ئەگەردە
بېشىڭغا تۇيۇقسىز يىقىلسا بالا.

يامانغا ياخشى سۆز يان بەرمەك بىكار،
يامانلىقى ئاشقۇسى مىسالى ۋابا.

## ئاخىرقى سۆز

دىلىمدىن ئۆتمۈش ۋە خاتىرەمگە چۈشمۈشكى، بۇ پۈتۈك ئاخىرىغا بۇنچىلىك تېز يەتمەس ۋە بۇ قەلەم مەقسەت يولىدا يۈگۈرۈشتىن بۇنچىلىك بالدۇر تىنماس ئىدى. ئەمما، مۇئەللىپىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە مالالەت دىتى چۈشتىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەرھەمەت ۋە رىغبەت قولى ئۇنىڭغا نۇر بەرمىگەنلىكتىن، كىتابقا قىسقىلىق يەتتى.

قىسقا قىل، ئەي جامى، سۆز بىساتىنى،
يوقتۇر قىسقىلىقتىن ياخشىراق بىسات.
سۆز ئەگەرلىرىڭدىن شادلىق بولمىسا،
بۇلۇڭدا دېمىگىنى ئېلىپ جىمجىت يات.
ئۆز كۆڭلۈڭ سۆيۈنسە ئەمەس يېتەرلىك،
ئەگەر ئوقۇغانلار سۆيۈنمىسە يات.

بۇ كىتابقا كەلتۈرۈلگەن نەسر ۋە نەزملەردىن مۇئەللىپ ئىسمى يېزىلمىغانلىرى ئۇشبۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ بايانى ۋە تەپەككۇرىنىڭ مېۋىسىدۇر.

جامىي ھەر دائىما كىتاب يازاركەن،
ئۆزگىدىن ئامانەت ئالمىدى مۇتلاق.
ئۆز سەنئەت دۇكىنى تۇتتۇق كىشىگە،
ياراشماس باشقىلار دەللالى بولماق.

كەمىنىنىڭ كىتابىنى مۇتالىئە قىلغۇچىلار ئەگەر نۇقسانلىرىمنى بايقىسا، ئالىيجانابلىقىدىن ماڭا شەپقەت قىلىپ، ئۇلارغا كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتەر، ئۇلارنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئېغىز سۆز قىلماس، دېگەن ئۈمىدىم بار.

دوستلار ئەيىبىنى كۆرۈپ قالسا گەر،
ياخشى ئەمەس ئۇنى ئۆزگىگە ئېيتماق.
ئاقىۋىتىن ئويلاپ ئىش قىلغۇچى دەر:
«ئەيىب ئاچماقتىن ياخشى ئەيىبنى ياپماق».

كىتابنىڭ يېزىلىش تارىخى تۆۋەندىكىچە:

بۇ تۇرفە[1] پۈتۈكتە قەلەم ئىشىدىن،
جامىي ئۆز زەۋقىنى سىنىدى ئاسان.
تارىخىن بىلمەكچى بولساڭ، سەككىز قوش،
توققۇز يۈز بولغۇسى شۇندا بىنۇقسان.

[1] تۇرفە ــ ئاجايىپ، قىزىقارلىق بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئۆزگىچە.